# بارىن ئىنقىلابىنىڭ 15 يىلى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇران

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشر قىلدى

2005 ـ 4 ـ ئاي  ميۇنخېن  گېرمانىيە

WORLD UYGHUR CONGRESS
Munchen ـ Germany

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

سالام كىتابخان!
بۇ كىتاب 40 يىل تۆمۈر قەپەس ئىچىدە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىزگە ھاياتلىق كېرەك، ئەركىنلىك كېرەك، ئازاتلىق كېرەك دېگەن ساداسىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئىرادىسىدىن قايتمايدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە جاكارلىغان، شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئىنقىلاب — بارىن ئىنقىلابىنىڭ 15 يىللىق خاتىرىسى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىنغان بولۇپ، كىتاب زەيدۇن يۈسۈپ قاتارلىق بارىن ئىنقىلابى شەھىدلىرىنىڭ، بارىن قەتلىئامىدىن كېيىن بارىننى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن ئاپتونوم رايون ئەمەلدارلىرىدىن قورچاق ئەمەلدار تۆمۈر داۋامەتنىڭمۇ كۆزىدىن ياش ئاققۇزغان بىگۇناھ بۇۋاقلارنىڭ ئەزىز روھىغا بېغىشلاندى.
بارىن ئىنقىلابى «ئازسانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ» ئەمەس، زەيدۇن يۈسۈپ قاتارلىق شەھىدلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ھەققانى ئىنقىلاب ئىدى. «ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان توپىلاڭ» ئەمەس، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازاتلىق يولىدىكى ھەققانى كۈرىشى ئىدى. بۇ ئىنقىلاپ «ئازسانلىق

بۇزۇقلار قوزغىغان ئىنقىلاب» ئەمەس، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلاب ئىدى.
كىتابقا 15 يىلدىن بۇيان ھەرقايسى ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بارىن ئىنقىلابىغا بىغىشلاپ يېزىلىپ ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ۋە قىلىنمىغان بىر بۆلۈك ماقالىلەر بىلەن، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش كاتىۋى دۇلقۇن ئىيسا ئەپەندىنىڭ ئارخىۋىدا ساقلىنىۋاتقان مەرھۇم ئەدەبىياتشۇناس ۋە تارىخچى نىزامىددىن ھۈسەيىننىڭ بارىن ئىنقىلابى ۋە 1950 - يىلىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن بىر بۆلۈك مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىسى يېزىلغان بىر قوليازما خاتىرە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر كىرگۈزۈلدى.
كىتابنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا مەيلى ئىلگىرى نەشر قىلىنغان، مەيلى تېخى نەشر قىلىنمىغان ماقالىلەرگە ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمىدى ياكى قىسقارتىلمىدى، يەنى ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئۇسلۇبىغا چەكسىز ھۆرمەت قىلىندى، پەقەت شەھىد ۋە ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ ئىسمى ۋە بەزى ئاتالغۇلار ھازىرقى جانلىق تىلدا ئاتىلىشى بويىچە ئەمەس، ئەسلى ئېتمولوگىيىسى بويىچە ئېلىندى. مەسىلەن، زەيدىن ئەمەس زەيدۇن، مەمەت ئەمەس مۇھەممەد، ئەخەت ئەمەس ئەھەد، ئېلى ئەمەس ئەلى، ئابلا ئەمەس ئابدۇللاھ ... مىچىت ئەمەس مەسجىد ... دېگەندەك.

بۇ كىتاب ۋەتەن سىرتىدىكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشتىراكى ۋە ئورتاق ھەمكارلىقى بىلەن قۇرۇلغان، دۇنيا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ تونۇلغان لىدىرى، ئاتاقلىق سىياسىي ئەرباب ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى ۋە دولقۇن ئىيسالار رەھبەرلىكىدىكى قانۇنلۇق ۋە رەسمىي تەشكىلات «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» تەرىپىدىن بارىن شەھىدلىرى نامىغا تىكلەنگەن ئۆچمەس «ئابىدە» بولۇپ قالغۇسى!

بۇ كىتاب بۈندىن كېيىن بارىن ئىنقىلابىي ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىنىش ۋە مۇراجىئەت مەنبىئى، بارىن ئىنقىلابىغا قىزىققۇچىلار ئۈچۈن مەنىۋى ئۇزۇق بولۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل!

كىتابقا قولىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنى تولۇق كىرگۈزۈشكە غەيرەت قىلدۇق. ئەمما دىققەتسىزلىكتىن كۆزىمىزدىن قاچقان ياكى قولىمىزدا بولمىغانلىقتىن بۇ كىتابتىن چۈشۈپ قالغان ئەسەرلەر ئۈچۈن ئاپتورلاردىن ئۆزۈر تىلەيمىز. ئۇنداق ئەسەرلەر بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى توملىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگۈسى!

بۇ كىتابنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى ئۈچۈن بىزگە ھەر جەھەتتىن مەدەت بەرگەن بارلىق قېرىنداشلارغا چەكسىز رەھمەت ئېيتىمىز!!!

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىق يولىدىكى دەۋرى بۆلگۈچ ئىنقىلاب — بارىن ئىنقىلابى

مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت

بارىن ئىنقىلابى تۆمۈر سىپىل ئىچىدە 40 يىل قۇللۇق ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قۇل بولۇشنى خالمايدىغانلىقىنى، قەلبىدە ئازاتلىق، مۇستەقىللىق ئارزۇسىنىڭ ئۆچمىگەنلىكىنىڭ ۋە ئۆچمەيدىغانلىقىنىڭ قەتئىي سىگنالىنى بەردى. بارىن شەرقىي تۈركىستاندىكى مىڭلارچە ئۇيغۇر يېزىسىدىن بىرسى، خىتايلارنىڭ تەبىرى بىلەن «تامچە سۇدا قۇياش نۇرىنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ». بارىن ئىنقىلابى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ «بىز تېخى ھايات، بىزگە ئازادلىق كېرەك» دېگەن ساداسىنى پۈتۈن دۇنيا جامائىتىگە يەتكۈزگەن بىر ئىنقىلاب بولدى.

مەرھۇم مۇجاھىد، قەھرىمان شەھىدىمىز زەيدۇن يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى دىنى، ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن ئۆزىدىن مىليون ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى چىقىپ، جىھاد قىلىشىنىڭ، شەھىد بولۇشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. بۇ ئىنقىلابتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىق يولىدا قايتىدىن ئويلاندى ۋە ئۆزىنى تەرتىپكە سالدى. ۋەتىنىنىڭ شان - شەرىپىنى، مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن

بارىنىڭ يولىنى تاللاشتىن باشقا يول يوقلۇقنى چۈشىنىپ يەتتى.

ئەمما مىللەتپەرۋەرلەر، كىچىك بىر يېزىدىن بىر نەچچە يۈز ياكى بىر نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ چىقىپ، گېگانت تاغدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈشىدىن مەمنۇن بولمىدى. ھەتتا خېلى ئەقلى جايىدا ۋەتەنپەرۋەر كۆرۈنگەن كىشىلەرمۇ «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق»، «قۇراللىق ئىنقىلاب نەتىجە بەرمەيدۇ، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز»، «مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا تېخىمۇ مۇسىبەت كېلىدىغان بولدى» دېگەنگە ئوخشاش تەسلىمچىلىك پىكىرلەرنى قىلىشتى.

قېنى شۇلاردىن سوراپ باقايلى، مىللىتىمىز، خەلقىمىز قۇربانلىق قويغا ئوخشاش سۈكۈت قىلىپ تۇرغان چاغلاردا كۆپ ئۆلدىمۇ؟ ياكى قولىغا قۇرال ئېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن چاغدا كۆپ ئۆلدىمۇ؟ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغان چېغىمىزدا بېشىمىزغا مۇسىبەت كۆپ كەلدىمۇ؟ ياكى ئۆلۈمدىن ئۆزىمىزنى قوغدىغان چاغدىمۇ؟ دۈشمەن ئالدىدا قولدەك بېشىمىزنى ئېگىپ تۇرغان زامانلاردا مىللىي ئىتىۋارىمىز بولدىمۇ؟ ياكى يىگىتتەك بېشىمىزنى تىك تۇتۇپ، غۇرۇر بىلەن دۈشمەننىڭ كۆزىگە قادالغان چاغلاردا مىللىي ئېتىۋارىمىز بولدىمۇ؟ ئالدى بىلەن بۇلارنى ئويلىشىمىز لازىم. بىز ئۇيغۇرلاردا «داۋاگەر سۇس بولسا، قازى مۇتتەھەم بوپتۇ» دەيدىغان

گەپ بار. تارىخنى، بولۇپمۇ يېقىنقى تارىخنى ياخشى ئەسلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ كوممۇنىستلارنىڭ يۇرتىمىزغا ئاياق باسقان شۇ 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىكى ئەمەلىيەتنى تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. بىز قانچە كۈچىسىز ۋە مۇلايىم بولغان زامانلىرىمىزدا دۈشمەن شۇ قەدەر ۋەھشىلەشتى. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئىشغالىيەتچى كوممۇنىست ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى ۋاڭجېن «بىز شىنجاڭ خەلقىگە قەرز تۆلىگىلى كەلدۇق. گومىنداڭ قىلغان زۇلۇمنىڭ قەرزىنى بىز تۆلەيمىز» دېگەن ئىدى. «شىنجاڭغا ياردەم» شۇئارى بىلەن كەلگەن ئىدى. كوممۇنىست ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا كىرمەستىن بۇرۇن، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى توغرىسىدا تەپسىلىي ۋە سىستېمىلىق دەرس ئۆتۈلگەن ئىدى. يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك كۆرسەتكەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدىغانلىقى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدى. گەرچە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىم يولباشچىلىرى ئايروپىلان ھادىسىسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، جۇڭگولۇقلار ھەمكارلىشىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قالغان مىللىي ئارمىيە كادىرلىرى جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن ھۆرمەتلەنگەن ئىدى. جۇڭگو ھاكىمىيىتى يەرلىك خەلقنى خاپا قىلىپ قويىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتكە دىققەت قىلاتتى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى خىتاي ھاكىمىيىتىنى شۇنداق ئېھتىياتلىق

مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان، ياخشى قوراللانغان 40 مىڭ كىشىلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى بار ئىدى. ئەگەر جۇڭگو ھاكىمىيتى شەرقىي تۈركىستاندا بىر قەدەمنى خاتا باسسا، مىللىي ئارمىيەنىڭ جىم تۇرمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالغان ئىدى. خىتاي ئەمەلدارلىرىنى بۇ مىللەتكە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بۇ ئارمىيە ئىدى. ۋەھالەنكى، مىللىي ئارمىينى ئۆز قوشۇنلىرى ئىچىگە تارقىتىپ، ئارمىيىنىڭ بىكار قالغان قوماندانلىرىنى ئۆستۈرۈش باھانىسى بىلەن كەسىپ ئالماشتۇرغۇزۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ تىزگىنىنى تامامەن كونترول ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، كوممۇنىست خىتايلىرىنىڭ سەممىلىكىگە ئىشەنگەن مىللىي يولباشچىلىرىمىز، ئالدىراپ خوشال بولغان زىيالىلىرىمىز ۋە ئاق كۆڭۈل خەلقىمىز يەنە بىر قېتىم قاپقانقا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئارمىيىسىز خەلق، چوپانسىز پادا دېمەكتۇر.

ۋاھالەنكى ئەمدى، خەلق ئىچىدە ئىمانى، ھۆرمىتى بار، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، ئەڭ مۇھىمى ۋىژدانلىق ۋە غۇرۇرلۇق مىللىي يول باشچىلارنى ۋە جامائەت ئەربابلىرىنى تىزىملاتقۇزۇپ ئاستا ـ ئاستا ئۆلارغا جىنايى ئارخىپ تۇرغۇزۇشقا ۋە ئەنئەنىۋى خىتاي ئۇسۇلى بىلەن بىرىمىزنى بىرىمىزگە سالغىلى باشلىدى. 59 ـ يىلىغىچە بىر قانچە سىياسى ھەرىكەت بىلەن مىللىتىمىزنىڭ

ئىچىدىن چىققان پۈتۈن قىممەتلىك ئادەملىرىمىز يوقىتىلدى. ھايات قالغانلىرىمۇ مىللەتتىن ئۇزاق تۈرمىلەرگە تاشلاندى. شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ۋەتەننىڭ، بۇ مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى، شان - شەرىپىنى قوغدايغان ئەلەم ۋە قەلەمدىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك كۈچنى تامامەن يوقىتىپ بولغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغان جۇڭگو ھاكىمىيىتى، يۈزىدىكى چۈمپەردىنى يىرتىپ تاشلىدى. بۇ مىللەتكە راۋا كۆرگەن زۇلۇم، ھاقارەتنىڭ ھېچ بىرىنى ئاياپ ئولتۇرمىدى. 59 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو كۆچمەنلىرى كەلكۈن كەبى يۇرتىمىزغا ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاشلىقلىرى جۇڭگوغا تۇشۇپ كېتىلگەنلىكتىن يۈز مىڭلارچە ئادەملىرىمىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ھەتتا كۆمۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن نۇرغۇن جەسەتلەر تاغلاردا، ئېتىزلاردا قاغا، قۇزغۇنلارغا، ئىتلارغا يەم بولدى. پەقەت باي ناھىيىسىدىن 20 مىڭ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلدى. جۇڭگو ھاكىمىيىتى بۇنى ئاز دەپ خەلقىمىزنى كۈندە 18 سائەت ئىشلىتىپلا قالماي، دىنىمىزنى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى، تارىخىمىزنى ئاشكارا رەت قىلىشقا، ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى. شەھەر ئاھالىلىرى زورلۇق بىلەن يېزىلارغا چىقىرىلىپ، شەھەرلەر يېڭى كەلگەن جۇڭگو كۆچمەنلىرى ئۈچۈن بوشىتىلدى. جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان نەپرىتى، ئىنتىقام تۇيغۇسى

ھەر كۈنى بىر پەللە كۈچەيمەكتە ئىدى. 1944 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولغان ئىلى، چۆچەك، ئالتاي خەلقى ئەڭ ئېغىر ھەربىي تېررور ئاستىدا قالدى ۋە ئاستا ـ ئاستا ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ كۆچۈشنى يېتەرسىز ھېسابلىغان بېيجىڭ ھاكىمىيىتى 62 ـ يىلى قورال كۈچى بىلەن پۈتۈن خەلقنى يۇرتنى تاشلاپ كېتىشكە زورلىدى. بىر ئاي ئىچىدە يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىنسان پەقەت بىرلا جېنىنى ئېلىپ غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن خىتايلار ئەنە شۇنداق رەھىمسىز ئىنتىقام ئالدى. بوش قالغان شەھەرلەر، بوش قالغان يېزا ـ يايلاقلار، بوش قالغان ئۆيلەر خىتاي كۆچمەنلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. مىللىي غۇرۇرىمىزنى يوق قىلىش، مىللىي مەۋجۇدلىقىمىزنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلغان سىياسى ھەرىكەتلەر بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بولسا سۈنئى «بۆلگۈنچى، ئەكسىلئىنقىلابچى» تەشكىلاتلىرىنى ياساپ چىقىپ، ئىلگىرىكى يىگىرمە يىللىق سىياسى ھەرىكەتلەردە خىلمۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئامان قالغان، خىتايلارنىڭ تەبىرى بىلەن «توردىن چۈشۈپ قالغان» زىيالىلىرىمىز ۋە يېڭى يېتىشكەن ۋەتەنپەرۋەر ياش ئەۋلادلىرىمىزدىن نۇرغۇن

كىشى ئۇرۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. ھايات قالغانلىرىمۇ تۈرمىلەردە مەنىۋى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئېغىر زەربىلەرگە ئۇچرىدى.

1970 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە بىر كۈن ئىچىدە 74 ئادەمنىڭ ھېچ سوتسىز ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى دۆلەت تېررورىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. لېكىن، مەن، بارىن ۋەقەسىنى ئەيىبلىگەنلەردىن سوراپ باقاي، خەلقىمىز بىرمۇ زۇلۇمكار خىتاينى ئۆلتۈرمىگەن، خىتاينىڭ يوق قىلىش سىياسىتىگە ھېچ قارشىلىق بىلدۈرمىگەن، قوينىڭ قوزىسىدىنمۇ مۇلايىم تۇرىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خىتاي ھاكىمىيىتى نېمىشقا ئۇ قەدەر ۋەھشىلىشىپ كەتتى؟ نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئادەمگە زىيان سالدى؟

بىزنىڭ بۇ سوئالىمىزغا نىسبەتەن بەزىلەر، سىياسى ھەرىكەتلەر پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش ئېلىپ بېرىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا خىتاي خەلقىمۇ ئوخشاش زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. دېيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس. خىتاي خەلقى پەقەت سوتسيالىستىك تۈزۈمنىڭلا زۇلمىنى چەكتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا سوتسيالىستىك تۈزۈمنىڭلار زۇلمىنى چىكىپ قالماستىن، بىر مىليارتىن ئارتۇق جۇڭگولۇقنىڭ ئېغىر ئىقتىسادى يۈكىنى بىرلىكتە كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىندى. بۇنى ئاز دەپ، يۇرتنى جۇڭگولۇقلارغا تارتقۇزۇپ قويۇشتىن باشقا ھېچبىر

گۇناھى بولمىغان بۇ خەلقنىڭ باشقا مىللەتتىن بولۇشىنىڭ ئۆزى بۇلارغا كەچۈرۈلمەس جىنايەت بولۇپ تېڭىلدى.

1957 - يىلى جۇڭگونىڭ قايسى يېرىدە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى سىياسى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلدى؟ پەقەتلا شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلدى. جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ئىچكى مۇڭغۇلىيىدىمۇ بۇ خىل ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا خىتايلار جاسارەت كۆرسىتەلمىدى. تىبەت بولسا، ئۇ يىللاردا تېخى جۇڭگولۇقلار ئاياق باسمىغان بىر زېمىن ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خىتاي ئەمەلدارلىرى ئوۋ ئوۋلايدىغان ئىگىسىز بىر ھايۋانلار باغچىسىغا ئايلاندى.

شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار .... قاتارلىق يەرلىك خەلق زىيالىلىرىدىن، دىنىي ئەربابلىرىدىن، جامائەت ئەربابلىرىدىن يۈز مىڭلارچە ئادەم كۈرەشكە تارتىلدى. ھېچبىر سەۋەبسىز «ھەيۋىسىنى چۈشۈرىمىز» دەپ ئۇرۇلدى، سوقۇلدى. كىشىلىك ھوقۇقى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىندى. نەچچە ئون مىڭ ئادەمگە يەرلىك مىللەتچىلىك قالپىقى كىيدۈرۈلدى. چوڭ خەنزۇچىلىق (مىللەتچىلىك) بىلەن ئەيىبلىنىپ جازالانغان ياكى قالپاق كىيگەن بىر خەنزۇ بارمۇ؟ بولسا ئۇ كىم؟ بىرنى بولسىمۇ پاكىت سۈپىتىدە كۆرسىتىپ باقسۇن قېنى؟ 59 - يىلى باشلانغان «شىيۇجىڭجۇيىچىلىققا قارشى كۈرەش» تاكى ماۋزىدۇڭ

ئۆلگەنگە قەدەر داۋام قىلىدى. يەرلىك مىللەت خەلقلىرىدىن شىۋجۇڭجۇيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن سان - ساناقسىز ئادەم شىۋجۇڭجۇيىغا باغلىنىپ جازالاندۇرۇلدى. ئەمما بۇ جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىپ جازالانغان بىر خەنزۇ بارمۇ؟ 79 - يىلىدىن كېيىن جۇڭگو، ماركسىزمنى دەسسەپ ئۆتۈپ ئاستا - ئاستا دۇنيا رېئاللىقىنى كۆرۈشكە، جۇڭگونىڭ پۈتۈن سىياسەتلىرى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئەمما بېيجىڭنىڭ ئۆزگەرمىگەن بىرلا سىياسىتى بار. ئۇ بولسىمۇ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جاھىل، يوقسۇل قالدۇرۇپ يوق قىلىش، يۈرىكىنى مۇجۇپ تۈرۈپ يوق قىلىش، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» قىلىپ تۇرۇپ يوق قىلىش، مەجبۇرى تۇغۇت كونترولى باھانىسىدا ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىش، ئاتوم بومبىسىنىڭ زەھىرىدە زەھەرلەپ يوق قىلىش، بايلىقىنى بۇلاپ يوق قىلىش، جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر كەلكۈنى ئىچىدە ئېرىتىپ يوق قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىتىدە پرىنسىپ جەھەتتىن ھېچ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. ئەگەر ئۆزگىرىش بار دېيىلسە، ئۇ، ئۆزگىرىش جۇڭگو ھاكىمىيىتى 50 - يىلىدىن 80 - يىلىغىچە «شىنجاڭغا ياردەم» دېگەن شوئارى بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ قېنىنى شوراپ، قايمىقىنى يېگەن بولسا، 80 - يىلىدىن كېيىن «شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش» شوئارى ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تارىخىنى،

مەدەنىيىتىنى، خەلقنى تامامەن رەت قىلىش ئاساسىدا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەڭ نومۇسسىز ۋاستىلىرىنى قوللىنىش بىلەن، خىتاي كەلگۈنىنىڭ يەرلىك خەلقنى ئۆلۈمگە قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىدۇر. بۇ قەدەر ئېغىر مىللىي بېسىم، مىللىي نەپرەت، مىللىي ئۆچمەنلىك يەرلىك خەلققە نىسبەتەن دۆلەت تەرىپىدىن ئەللىك يىلدىن بېرى يۈزگۈزۈلىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، بارىن ۋەقەسىدەك ئىنقىلابلارنىڭ پارتلىشىنى غەلىتىلىك ھېس قىلغانلار قايسى مىللەتتىن بولسا بولسۇن، ئۇ خىل ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسان يۈرىكى بارلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە شۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈشنى ئۇيغۇن كۆرۈۋاتىمەن؛ يۈز مىڭ كۇپ سۇ سىغىدىغان بىر سۇ ئامبىرىغا، سىغىپ كېتەر، دەپ يۈز مىڭ بىر يۈز كۇپ سۇ تولدۇرسىڭىز تەبىئىكى، ئۇ سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىدۇ. ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان بىر دۇنيا چېمپىيونى 250 كىلو ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ دۇنيا چېمپىيونى بولغان بولسا، ئۇ ئېغىرلىقنى 251 كىلو قىلىپ قويسىڭىز، ئۇ 251 كىلو ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەيدۇ. بىر كىلو ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. ئىنساننىڭ سەبرى كۈچىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، تاقەت ـ چىدام كۈچى چېكىگە يەتكەندە، چىداشقا تاقەت قالمىغاندا ھەر قانداق ياۋاش ئادەممۇ بىر ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. شىڭ شىسەينىڭ تەدبىرى بىلەن ئېيتقاندا ئالتۇن تاۋاق

بىلەن تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان خەلق دۇنيادا ئەڭ كۆپ
يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى بولۇشىغا قارىماي،
دۇنيادا ھېچ بىر مىللەت كۆرمىگەن يوقسۇللۇقنىڭ
دەردىنى تارتىۋاتىدۇ، ئاسارەتكە چۈشكەن تارىختىن بېرى
ھېچقانداق سىياسى ھەق ـ ھوقۇقتا ئىگە بولالمايلا
قالماستىن، بۇ ھاقارەت، خورلۇقلارنى ئاز كۆرۈپ
«گۇڭچەنداڭغا رەھمەت» دېگۈزۈپ مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ.
شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىداشقا تاقىتى قالمىغانلىقىنىڭ
ئىنكاسىنى بارىن كۆرسەتتى. مىللىي ئىپتىخارىمىز ۋە
غۇرۇرىمىز بولغان بارىن شەھىدلىرى بۈگۈن تۈرمىلەردە
ئازاپلىنىۋاتقان قەھرىمان ۋەتەن ئوغلانلىرى، قەھرىمان
تالىپلىرىمىز، بەزى «ئەقىللىق» ۋەتەنپەرۋەر
زىيالىلىرىمىزنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش خىتاي ھۆكۈمىتىگە
قۇراللىق قارشى چىقىشىنىڭ «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك
ئىش» ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈملەر
بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەسمىدى؟

مىللىي قەھرىمانىمىز مەرھۇم زەيدۇن يۈسۈپ (ئاللاھ
ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!) ۋە ئۇنىڭ مۇجادىلە
سەپداشلىرى بۈگۈنكى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ بىر مىليارتتىن ئارتۇق ئىنسانىنى ئىدارىسى
ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قولىدا 450 ئاتوم
بومبىسى بارلىقىنى، 3 مىليون ئەسكىرى بارلىقىنى پۈتۈن
شەرقىي تۈركىستان خەلقى قۇراللىنىپ چىقسىمۇ،
بۈگۈنكى خىتاي ئەسكىرى كۈچىگە تەڭ كېلىشىنىڭ

ئاسان بولمايدىغانلىقىنى بىلمەسمىدى؟ ئۇلار ھەممىنى بىلەتتى، ئۇنداقتا بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە ئاتتى؟ سەۋەبى: بۇ مىللەتنىڭ، بۇ خەلقنىڭ قۇرت ـ قوڭغۇز ئەمەسلىكىنى، ئىنسان ئىكەنلىكىنى، بوزەك قىلسا ئاچچىقى كېلىدىغانلىقىنى خىتاي ھاكىمىيىتىگە چۈشەندۈرمەكچى بولدى. بۇ مەقسەتنى چۈشەندۈرۈشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى باشقىلار تەرىپىدىن سىنالغان ئىدى. ئەمما، خىتاي ھاكىمىيىتى مەقسەتنى چۈشەنگىلى ئۇنىمىغان ياكى ئېتىۋار قىلمىغان ئىدى. بارىن ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلى بىلەن بۇ مەقسەتنى چۈشەندۈردى. خىتاي ھاكىمىيىتىمۇ چۈشەندى، يەنى، ئۇيغۇر ئانىلىرى ھەر زامان «لەببەي» دەپ ئەمر كۈتۈپ تۇرىدىغان قۇللارنىلا ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆلۈشنى ۋە ئۆلتۈرۈشنى بىلىدىغان، ۋۇجۇدىدا ئەركەك تۈكى بار ئوغۇل بالىلارنىمۇ تۇغىدىغانلىقىنى چۈشەندى. گەرچە 80 ـ يىلىدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر يېرىدە بۇ خىل ھەرىكەت ۋە ئىنقىلابلار كۆپ يۈز بەرگەن بولسىمۇ، تەسىرى جەھەتتىن بۇ قەردەر كۈچلۈك بولمىغان ئىدى. بارىننىڭ ئۈچ خىل تارىخىي تەسىرى بار.

1 ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان تەسىرى

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ كەلگەن خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى شەھەر ـ شەھەر، يېزا ـ يېزىلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا بارىنغمۇ، بارىنغا ئوخشاش كۆپ يېزىغا بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى كەلگەن ئىدى. «بىز سىلەرنى ئازات قىلغىلى كەلدۇق» دەپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، يېزا خەلقى چاۋاك چېلىپ قارشى ئالغان، ئۆيلىرىنى بوشىتىپ ئۇلارغا بەرگەن، يەيدىغان ئەڭ ياخشى تاماقلىرىنى ئۇلارغا بەرگەن. خىتاي ئەسكەرلىرى: «بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ زۇلمى بولمايدۇ، قورسىقىڭلار توق، كىيىمىڭلار پۈتۈن، خاتىرجەم ياشايسىلەر» دېگەندە ئاق كۆڭۈل بىچارە خەلق خوشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان ئىدى. ياشلار بولسا، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئوتقا كىرسە ئوتقا، سۇغا كىرسە سۇغا كىرىشكە تەييار ھالەتكە كەلگەن. بۈگۈن شۇ ئادەملەرنىڭ باللىرى؛ يەنى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا «قىزىل بايراق ئاستىدا تۇغۇلۇپ، قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن» ياشلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىلىرى قارشى ئېلىپ يۇرتقا باشلاپ كىرگەن بۇ ئارمىيىگە قارشى ئوق ياغدۇردى. قۇراللىق كۈچ بىلەن ئۇلارنى يۇرتىدىن ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمى بەدىلىگە نېمىشقا ئۇلارنى ئۆلتۈردى؟ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۈمىد باغلىغان بۇ ئارمىيىگە، بۇ ھاكىمىيەتكە نېمىشقا

ئەۋلادلىرىدا بۇ قەدەر كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت ئويغانىدى؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەقلى بىشىدا بار ھەر كىم ياخشى بىلىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا «يەرگە نىمە تېرىساڭ شۇنىڭ ھوسۇلىنى ئالىسەن» دېگەن خەلق تەمسىلى بار. قىسقىسى، خىتاي ھاكىمىيىتى ۋەتىنىمىزدە نەپرەت، ئۆچمەنلىك تېرىدى. قارشىلىقىدا يەنە نەپرەت، ئۆچمەنلىك ئالدى ۋە ئالىدۇ. ئىلگىرى ئوتتۇرىغا چىققان ياشلار قەتئىي بولمىدى. مەسلەن: پەيزاۋات ۋەقەسى. پەيزاۋاتتا ئىسيانغا ھازىرلانغان ياشلارنىڭ قولىدا قورال بار ئىدى. ئەمما يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قوللىرىدىكى قوراللىرىنى خىتاي ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى ۋە شۇ نەخ مەيدانىنىڭ ئۆزىدە قوللىرى چەمبەرچەس باغلاندى، ئۇرۇلدى، ھاقارەتلەندى، ئۆلتۈرۈلدى، 16 ياش بىلەن 20 ياش ئارىسىدىكى نەچچە يۈز ياش - ئۆسمۈرنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. بارىندىكى ياشلار بۇ خىل تەجرىبە - ساۋاقلاردىن دەرس ئالغان ئىدى. ئۇلار «يېتىپ ئۆلمەكتىن، ئېتىپ ئۆلمەك» نى شەرەپ بىلدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنى، ئۇلار ئۆلتۈردى. خىتاي ئەسكەرلىرى ھېچ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان زەربىگە ئۇچرىدى. بۇ زەربىنى ھېچ ھەزىم قىلالمىغان خىتاي ئەسكەرلىرى بارىندا ھەتتا بۆشۈكتىكى بوۋاقلارغىمۇ ئوق

ياغدۇرۇپ قەتلى قىلدى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوق يامغۇرىغا تۇتۇپ غەلۋىر تۆشۈككە ئايلاندۇرۇپ، يەرگە يېقىلغان كىچىك قىز، ئايال كىشىلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ كەتتى. ئاۋىلىدا ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى سىرىپ ھويلىسىغا كۆمۈپ، ئاشتامچا بىر ئىز سىزىشقا ئۈلگۈرمىدى.

يەسكەندۇر، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوق ياغدۇرۇپ قەتلى قىلدى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوق

ياغدۇرۇپ قەتلى قىلدى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوق
يامغۇرىغا تۇتۇپ غەلۋىر تۆشۈككە قىلىۋەتتى.
خەلقىمىزنىڭ ئۇنتۇلماس قەھرىمان پەرزەنتى زەيدۇن
يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ مۇجادىلە سەپداشلىرىنىڭ كۆپ
قىسمى دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرۇپ تۇرۇپ شەھىد بولدى.
تىرىك دۈشمەن قولىغا چۈشكەنلەر ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن
ئۆلتۈرۈلدى ياكى ئىز-دېرەكسىز جىسمانى جازاغا تارتىلىۋاتىدۇ.
قىسقىسى، بارىن ياشلىرى، قۇربانلىق قويىدەك ئۆلۈم
نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشتىن، دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ تۇرۇپ
ئۆلۈشنىڭ قانچىلىك شەرەپلىك ئۆلۈم ئىكەنلىكىدىن
ئىبارەت سىگنال بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى
ۋەتەنپەرۋەر ياش ئەۋلادلارغا يېڭى كۈرەش شەكلىگە
ئاتلىنىش جاسارىتىنى بېغىشلىدى. بۇ، شەرقىي
تۈركىستاندا مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتكە قارشى قەلبىدە
غەزەپ - نەپرەت ئۇرغۇپ تۇرغان مىليونلارچە ئىنسانغا
ئىلھام ۋە جاسارەت مەنبەسى بولماقتا. دېمەك، ئاجىز
خەلقىمىز، دۈشمەن قانچىلىك كۈچلۈك بولسىمۇ ئۇنىڭغا
زەربە بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەددىدىن ئارتۇق بوزەك
قىلىپ كەتكەندە «توختا» دەپ ۋاقىرغىلى
بولىدىغانلىقىنى بۈگۈن يەنە بىر قېتىم ئۆگەندى.
بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى مۇددەتسىز
پارتلايدىغان بىر بومبىغا ياكى بىر تال سەرەڭگىنى
ياندۇرۇپ تاشلىسا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئوت
دېڭىزىغا ئايلىنىدىغان پايانسىز ئورمانغا ئوخشايدۇ. بۇ

بومبىنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن پارتلىشىنىڭ، بۇ ئورمانىنىڭ ۋاقتىسىز ئوت ئېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، كۈچىمىزنى بىھۇدە ئىسراپتىن ھەر زامان مۇھاپىزەت قىلىشىمىز لازىم. ئەمما بارىن روھى ھەر مىنۇت ئىسىمىزدىن چىقماسلىقى كېرەك.

2 ـ  بارىن ئىنقىلابىنىڭ خىتاي خەلقىگە بولغان تەسىرى

شەرقىي تۈركىستانغا ھېچ كەلمىگەن، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بىلمىگە ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان مىليارت جۇڭگولۇقلار، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي تەڭسىزلىك ۋە بۇ تەڭسىزلىك نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان مىللىي زىددىيەتنىڭ قانچىلىك ئېغىر، قانچىلىك خەتەرلىك نوقتىلارغا بېرىپ يەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز، ئەمما، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار. شەكىلدە شەرقىي تۈركىستانغا بېرىلگەن ئاپتونومىيە، شەرقىي تۈركىستان ئۆچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆچۈن ئەمەس. ۋاڭ جىن، ۋاڭ ئىنماۋلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا كەلگەنلەرگە بېرىلگەن ئالاھىدە ئىمتىيازدۇر. شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ يەرلەشكەن، كېلىۋاتقان ۋە كېلىدىغان جۇڭگولۇق بەزى كۆچمەنلەرگە بېرىلگەن ئالاھىدە ھەق ـ ھوقۇقتۇر. يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدە باي بولۇش سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان دۇنيا كۆچمەنلىرى ئامېرىكىغا ئېقىپ بارغىنىغا ئوخشاش، يېقىنقى 50 يىل ئىچىدە باي بولۇش ۋە ھوقۇق

تۇتۇش سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان جۇڭگولۇقلار شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىپ كەلدى. مەجبۇرى ۋە ئالداپ ئەكەلگەن كۆپ سانلىق كۆچمەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىق - تەرغىباتى بىلەن كەلگەن بۇ مىغ - مىغ ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاززۇ قىلغان ھوقۇقنا، ئاززۇ قىلغان بايلىققا ئىگە بولدى. ئۇلارنى ھوقۇققا ئىگە قىلىش، باي قىلىش بەدىلىگە يەرلىك خەلق ھوقۇقسىز قالدى. يوقسۇل قالدى. بۇلارنى ئاز كۆرگەندەك، شەرقىي تۈركىستانغا دەسلەپتە كەلگەندە ئاجىز، ئۇرۇق ۋە ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك دەرىجىدە مۇلايىم بولغان جۇڭگولۇقلار، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاۋاسىدا نەپەس ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاش - ئۇزۇقلىرىنى يەپ بىر ، ئىككى يىل ئۆتىدۇ - دە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ - قۇۋۋەت، يانچۇقىغا پۇل، روھى ھالىتىگە بىر ئۈستۈنلۈك پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، كۆپ سانلىق كۆچمەن جۇڭگولۇقلاردا بىر خىل پىسخولوگىيىلىك ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. يەنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاۋاسى، ئاش - ئۇزۇقى ئۇلارغا رىئاكسىيە (گومىڭ) قىلىدۇ. بۇ رىئاكسىيە ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدە، بۇ ۋەتەننىڭ ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلققە نەپرەت، ئۆچمەنلىك ۋە ئۇلارنى تۆۋەن كۆرۈش بولۇپ ئىپادىسىنى تاپىدۇ. نېمىشقا بۇ خىل پىسخولوگىيىلىك كېسەل ئوتتۇرىغا چىقتى؟ نېمىشقا

دۇسلۇق ئورنىغا دۈشمەنلىك، مۇھەببەت ئورنىغا نەپرەت يەر ئالدى؟

يەرلىك خەلقنى ئۈلارنىڭ كۆزىگە نادان، ياۋايى، قابىلىيەتسىز، شور پېشانە كۆرسەتكەن كۆز ئەينەك، ئۈلارغا بېيجىڭ هاكىمىيتى تەرىپىدىن قىلىنغان هەدىيەدۇر. «بوزەكنى بوزەك قىلمىساڭ قىيامەتتە سورىقى بار» دېگەندەك جۇڭگو هۆكۈمىتى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغا مىللەت، جۇڭگو كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن هەم بوزەك قىلىنىشى نورمال بىر هالغا كەلدى. بارىن ئىنقىلابى جۇڭگودىكى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى بەزى ۋىجدانلىق خەنزۇ زىيالىلىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرىغا ئىنسانلار ئارىسىدا نەپرەت ياراتقۇچىلار نۆۋەتى كەلگەندە ئۆزلىرى ياراتقان نەپرەتنىڭ قۇربانى بۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق هېس قىلدى.

نەپرەت نەپرەتنى، ئۆلۈم ئۆلۈمنى باشلاپ كېلىدۇ. بارىن ئىنقىلابىدىن كېيىن چەتئەلدىكى جۇڭگو دېموكراتىك هەرىكىتىنىڭ بەزى رەهبەرلىرى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ چەتئەلدىكى بەزى تەشكىلاتلىرىغا، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك تۈزۈم يىقىلىپ، دېموكراتىيىگە ئۆتۈش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاندا خەنزۇ ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى بىگۇناھ خەلقنىڭ ئۆزئارا نەپرەتىدىن قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا تەكلىپلەردە بۇلۇشمۇ تەسادىپى ئەهۋال ئەمەس. زوراۋانلار هەقىقەتكە ئەمەس، كۈچكە تايىنىدۇ، ئەمما

زوراۋانلارنىڭ قولىدىن كۈچ كەتكەندە، ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقان نەپرەت دېڭىزىدا ئۆزلىرى غەرق بولىدۇ.
بارىن ئىنقىلابى بۇ مەنتىقنىڭ كىچىك بىر سىگنالى سۈپىتىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى زۇلۇمدىن ۋاز كېچىشكە، كۈچەن خەنزۇ خەلقىنىمۇ بۇ زۇلۇمنى قوللاشتىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەش بىلەن تارىختا ئۇنتۇلماس سەھىپە قالدۇردى.
ئەمما شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتەيكى، ئۈرۈمچىدىكى مىللەتارست ھۆكۈمەت بىلەن بېيجىڭ بۇ ۋەقەدىن ھېچ ئىجابى دەرس ئالغىنى يوق. بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن، ۋاڭ ئىنماۋ بىلەن سۇڭ خەنلياڭنىڭ بېيجىڭدە جاڭ زېمىن ۋە لى پېڭغا ۋەقە ھەققىدە دوكلات قىلغاندىن كېيىنكى مۇنۇ سۆھبىتىگە دىققەت قىلايلى؛
ۋاڭ ئىنماۋ: شىمالى شىنجاڭ خەنزۇ ئاھالىسى نوپۇسى جەھەتتىن كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدۇ، شىمالى شىنجاڭدا ئەبەدى تىنچلىق قولغا كەلتۈرۈلدى. جەنۇبى شىنجاڭدا خەنزۇ ئاھالە نوپۇسى جەھەتتە كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغان ئەھۋالغا كىلسە، ھېچ بولمىسا 50 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلسە پۈتۈن شىنجاڭدا ئەبەدى تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.
لى پېڭ: پىلاننى سىلەر تۈزۈڭلار، كېرەكلىك ياردەمنى بىز قىلىمىز... بىز بۇ سۆھبەتتىن شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، جۇڭگو ھاكىمىيىتى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى شەرقىي تۈركىستاندا خەنزۇ

ئاھالىنىڭ سانى جەھەتتىن مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەشكە باغلايدۇ. مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي تەڭسىزلىك، يىلدىن - يىلغا ئېغىرلىشىۋاتقان يوقسۇللۇقنى ھەل قىلىش ئۇلارنىڭ ئەقلىنىڭ بىر بۇرجىكىگىمۇ كىرىپ قويغىنى يوق.

ۋەتەنىدىكى ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى بەزى شەرقىي تۈركىستانلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ئۈمىد بىلەن قارىماقتا. بىز ئۇلارنىڭ بۇ خام خىيالىدىن ۋاز كېچىش ئۈچۈن بۇ پاكىت يېتەرلىك دەپ سانايمىز. كوممۇنىستىك پارتىيە جۇڭگودا قەبرىگە كۆمۈلمەستىن تۇرۇپ، نە جۇڭگو خەلقى ئەركىنلىككە ئېرىشىشى، نە جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقلىرىنى قولغا ئېلىش يولى ئېچىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

3 - بارىن ئىنقىلابىنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان تەسىرى

بۈگۈن دۇنيادا، جۇڭگو، شىمالى چاۋشەن ۋە كۇبادىن باشقا ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىسىنى دۆلەتنىڭ ئىچكى مەسىلىسى دەپ قارايدىغان بىرمۇ دۆلەت قالمىدى. بارىن ئىنقىلابى ئەينى زاماندا شەرقىي تۈركىستانلىق ئىنسانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى ئاياق ئاستى قىلىشقا قارشى ئىسيان بولغىنى ئۈچۈن، دۆلەت دىكتاتۇرىسىغا قارشى خەلق نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشتە بۇ خىل

ئىسياندىن باشقا قانۇنى بىر يولنىڭ ھەم يوقلۇقنى ياخشى بىلگەن دۇنيا جامائىتى، بولۇپمۇ پۈتۈن دۇنيادا كۈچلۈك تەسىرى بار مەتبۇئات، تېلېۋىزور ئىستانسىلىرى بارىن ئىنقىلابىنى ئاز دېگەندە ئىككى ئاي ئەتراپىدا دۇنيانىڭ كۆز تەرتىۋىدە تۇتتى. بارىن، يېقىنقى 50 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننى دۇنياغا تونۇتۇشتا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى دۇنيا كۆز تەرتىۋىگە قويۇشتا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھەرىكەت بولدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە، ياپونىيە، شىياڭگاڭ، تەيۋەن، تۈركىيە، سەئۇدى ئەربىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىققا بولغان ئۈمىد، ئىشەنچىسىدىن تېخىچە ۋاز كەچمىگەنلىكىنى يېزىپلا قالماستىن، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ 20 - ئەسىردە ئىككى قېتىم دۆلەت قۇرغانلىقى، دۆلەتلىرى يىقىلغاندىن كېيىنمۇ، مىللىي دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ئىنقىلاب تارىخلىرىنى تەپسىلى تونۇشتۇردى. بولۇپمۇ، تۈركىيىدە يىگىرمىدىن ئارتۇق چوڭ گېزىتلەر بارىن ئىنقىلابى ھەققىدە ھەر كۈنى بىرىنچى سەھىپىلەردە خەۋەرلەر بەردى. يۈزلەرچە سىتون يازغۇچىلىرى ئۆز گېزىتلىرىدە، بارىن ئىنقىلابىغا ئەڭ يالقۇنلۇق ماقالىلىرى بىلەن مەدھىيە ئوقۇدى. گېزىتلەر، زەيدۇن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى شەھىدلىرىمىزنىڭ رەسىملىرىنى تونۇشتۇرۇپ باستى.

ئىستانبۇل، ئەنقەرە، قەيسەرى شەھەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن جۇڭگو مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى ئۇيۇشتۇرۇلغان نامايىشلارغا ئونمىڭلارچە تۈرك قېرىنداشلار پىدائى بولۇپ قوشۇلدى. مەركىزى لوندوندىكى ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدىغۇچى ئالەم شۇمۇل داڭلىق تەشكىلات «كەچۈرۈم تەشكىلاتى» شەرقىي تۈركىستاندىكى ئايىاق ئاستى قىلىنغان ئىنسان ھوقۇقلىرى ھەققىدە پۈتۈن دۇنياغا دوكىلات تارقاتتى. ئامېرىكىدا چىقىدىغان، مىليۇندىن ئارتۇق تىرازغا ئىگە «نيۇس ۋىك» (ھەپتىلىك ژۇرنال) بارىن ئىنقلابى ھەققىدە، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇماتلارنى يازدى. ئۇ ژۇرنالدا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىققا بولغان ئىشەنچى توغرىسىدا، شەرقىي تۈركىستانغا بارغان بىر ئامېرىكىلىق ساياھەتچى بىلەن قىلغان سۆھبەتنى شۇنداق يازىدۇ: «... مەن، ئۈرۈمچىنىڭ ئەردوچو دېگەن بازىرىدا كېتىۋاتاتتىم، ئوتتۇرا ياشتىكى بىر ئۇيغۇر كىشى، مېنىڭ ئالدىمنى تۇسۇپ ئۇيغۇرچە بىر نېمىلەرنى دېدى. مەن، پەقەت «ئامېرىكا» دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. باشقا گەپنى ئۇقالمىدىم، مەن: خەنزۇچە سىزنىڭ گېپىڭىزنى بىلەلمىدىم، دېدىم. سىز خەنزۇچە بىلەمسىز؟ دەپ مەندىن خەنزۇچە سورىدى. بىر ئاز بىلىمەن، دېدىم. ئۇنىڭ يېنىدا سەككىز ياشلاردا بىر ئوغۇل بالا بار ئىدى. ئۇ ئادەم ماڭا: سىز ئامېرىكىلىقمۇ؟ .... سىزگە شۇنى

ئېيتىشنى خالايمەن. بۇ يۇرت بىزنىڭ، ئۇلارنىڭ ئەمەس، دەپ يولدا كېتىۋاتقان مىغ - مىغ خەن مىللىتىنى كۆرسەتتى. ئۇلارنى بۇ ۋەتەندىن چىقىرىش يولىدا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ ئوغلۇم مېنىڭ ئورنۇمنى باسىدۇ، مېنىڭ ئىنتىقامىمنى ئالىدۇ. دەپ يېنىدىكى سەككىز ياشلاردىكى بالىسىنى كۆرسەتتى. ئامېرىكىلىقلار بىزگە ياردەم قىلسۇن! دېدى... مەن، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنلەرنىڭ تىللىشىۋاتقان، مۇشلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار ئاز بولىشىغا قارىماي، بىر ئۇيغۇر بىر خەن بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، يولدا كېتىۋاتقان باشقا ئۇيغۇرلارمۇ كېلىپ خەننى ئۇرۇشقا ياردەملەشكەنلەرنى كۆردۈم. ئۇيغۇرلار ئاز بولسىمۇ، بۇ يەرنىڭ خوجايىنى ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ھەر زامان خەنلەرگە ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم...» دەپ يازىدۇ. گەرچە 1950 - يىلدىن بېرى يۇرت تېشىدا شەرقىي تۈركىستانىڭ مىللىي يولباشچىلىرى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىنلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي زۇلۇم ۋە مىللەتنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ھەرىكىتى پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن دۇنيا جامائىتىگە ئاڭلىتىلغان بولسىمۇ، بىر مۇنچە چەتئەللىك دوستلاردا، بۇ قەدەر زۇلۇم بار ئىكەن، بۇ زۇلۇمغا قارشى نېمىشقا شەرقىي تۈركىستاندا، دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلغۇدەك بىر قارشىلىق ھەرىكىتى يوق؟ دېگەن

سۇئاللار بار ئىدى. بارىن ئىنقىلابى يۈرت ئىچىدىكى مىللىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ ھېسسىياتىغا ئەمەس، ھەقىقەتكە ئاساسلانغان ھالدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى دۇنياغا تونۇتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ، بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن دۇنيا مەتبۇئاتىنىڭ دىققىتى شەرقىي تۈركىستانغا تېخىمۇ مەركەزلىشىشكە باشلىدى.

بارىن ۋەقەسى، كاشغەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1934- يىلى يىقىلىشىدىن باشلاپ 1963 - يىلىغىچە ۋەتەننى تەرك ئېتىپ دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە يەرلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان بىر مىليوندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسى ئۈستىدە قايتىدىن بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھەر قايسى تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى ۋەكىللىرى، ۋەتەن سىرتىدا تۇنجى قېتىم 1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئىستانبۇلدا «شەرقىي تۈركىستان مىللىي بۈيۈك قۇرۇلتىيى» نى ئېچىشقا تۈرتكە بولدى.

قەھرىمان بارىن خەلقى ئازاتلىققا تەلپۈنگەن بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئىپتىخارى، غۇرۇرى، ئۈلگىسىدۇر.

بارىن ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئىلغار تەرىپى تەشكىللىك ۋە ئۈزۈل - كېسىل بولۇشىدۇر. شەھىدلەر ئۆلمەيدۇ. بارىن شەھىدلىرى ئاللاھ ھۇزۇرىدىمۇ ھاياتتۇر، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىمۇ ھاياتتۇر.

مىللىتىمىز ئىچىدىكى تېخى ئويغانمىغان بەزى كىشىلەر شۇنى بىلىشى لازىمكى، خىتايدىن قورقۇپ ئەللىك يىل ياشىغان بىر ئادەمگە، خىتاي ھۆكۈمىتى «بىزدىن قورقۇپ ئەللىك يىل ياشىدىڭ، بۇنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ساڭا يەنە ئەللىك يىللىق ئۆمۈرنى قوشۇپ بىرەيلى، يۈز يىل ياشا» دەپ كاپالەتلىك بەردىمۇ؟ خىتايلاردىن قورققانلارمۇ، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئوخشاش قەبرىلەرگە كۆمۈلدى. تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش مۇتلەق خۇدانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ھېسابلىغان ھەر قانداق ئادەم بۇ مەنتىقىغە ئىشىنىشى كېرەك. ئەمما، دۈشمەندىن قورقۇپ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا باش ئىگىپ ئاۋازسىز بۇ دۇنيادىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇنتۇلمىغانلار يەنىلا ۋەتىنى ئۈچۈن، مىللىتى ئۈچۈن، ئېتىقادى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە شەھىد بولغانلار بولدى. بىز بۈگۈن «سادىر دەپ ئېتىم قالدى، بەش بالام يېتىم قالدى» دەپ ناخشىلارنى ئېيتىمىز. سادىر پالۋان بەش بالىسىنىڭ يېتىم قېلىشىنى بىلىپ تۇرۇپ جەڭگە كىرمىگەن بولسا، ئازاتلىق ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلمىغان بولسا، خەلقىمىز يۈز يىلدىن بېرى سادىر پالۋاننى خاتىرىلەپ كېلەمتى؟ نۇزۇگۇم، سادىر پالۋان، غېنى باتۇر، ئوسمان باتۇر، زەيدۇن يۈسۈپلەر... مىللىتىمىز بىلەن بىللە ئەبەدىي ياشايدۇ. ۋەتەن سۆيگەنلەرنىڭ ئۆمرى ۋەتەنگە ئوخشاش ئۇزۇن ۋە ئەبەدىي بولىدۇ.

بىر ۋەتەن، ئۇ ۋەتەننى سۆيگەنلەرگە ئامانەت قىلىنىدۇ. ۋەتەننى ئۇنۇتقانلار ئۇ ۋەتەن تەرىپىدىن، ئۇ ۋەتەننىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇشى تەبىئىي بىر ھادىسىدۇر.

# بارىن ئىنقىلابىنىڭ ئونىنچى يىلى
(ئەسلىمە)

ئابدۇرەھىمجان ئابدۇررەشىد

«بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئىنسانىي قىممىتى ئۇنىڭ نوپۇس سانى، ئۆتمۈشتىكى مەدەنىي مىراسلىرى، شائىر، يازغۇچى، دانىشمەنلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى تولۇپ - تاشقان مىللىي غۇرۇر، پۈتمەس - تۈگىمەس روھىي جاسارەت، تەسلىمسىز مىللىي ئىرادە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.»
زەيدۇن يۈسۈپ 1990 - يىلى 1- ئاي كاشغەر

چۆل - باياۋانلاردىكى ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭمۇ سانى، سۈپىتى ۋە نەسلى قوغدىلىۋاتقان، رەھىم - شەپقەتلىك، مەدەنىيەتلىك بۈگۈنكى يىڭى دەۋىردە تاشقى دۇنيا بىلەن ئىنسانىي مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كەتكەن، ئىپتىدائىي ياشاش شارائىتىدىنمۇ مەھرۇم بولىۋاتقان قاراڭغۇ تۇمان ئاستىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنى خۇددى تاشقى ئالەمدىن يەر شارىغا بومبا چۈشكەندەك ئەڭ تاسادىپى، ئەڭ كۈچلۈك ئىنكاس بىلەن دۇنيانىڭ سىياسى سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان شەرەپلىك بارىن ئىنقىلابى بۇ يىل ئون ياشقا كىردى. ئەمما ئۇ ئۆسمۈرلۈك، سەبى مەزگىلىدە ئەمەس، بەلكى نەۋقىران يىگىتلەردەك

جاسارەتكە ۋە پىشقەدەم بوۋايلاردەك تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ قالدى.
ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بارىن يېزىسىغا توپلاشقان بىر قانچە نەپەر ئىنقىلابى قەھرىمانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1989 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بارىن يېزىسىنى ۋاقىتلىق مەركەز قىلغان ھالدا شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىلىرى، پروگراممىلىرى تەپسىلى بېكىتىلىپ، تەشكىلاتنىڭ ۋاقىتلىق باش رەئىسلىكىگە زەيدۇن يۈسۈپ سايلاندى. نىزامنامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە باش رەئىس مۇتلەق ئالى ھوقۇققا ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەئىسنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن تەشكىلاتنىڭ مەركىزى ھەيئەتلەر سانى كۆپەيتىلدى ۋە كېڭەيتىلىپ ئەزا قوبۇل قىلىش ماقۇللاندى.
تەشكىلات قۇرۇلۇپ بىر ئايغا يەتمىگە ۋاقىت ئىچىدە ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىسىدە جىددى بۇرۇلۇش يۈز بەرمەكتە ئىدى. ئۇلار ھەپتىلەپ داۋاملاشتۇرغان ھەر بىر ئايرىم ماۋزۇدىكى مۇزاكىرىلەردە، تالاش ـ تارتىشلاردا مۇھىم نەتىجىلەرگە ئىگە بولاتتى. لېكىن ھەر قانداق بىر مەركىزى پىكىردە زەيدۇن يۈسۈپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيتتى.
تەشكىلاتنىڭ سىياسى ئورگىنى سۈپىتىدە پارتىيە تەسىس قىلىش ھەققىدىكى مۇنازىرىلەردە ھەيئەتلەر تەرىپىدىن

سابىق «تەڭرىتاغ ياشلىرى پارتىيىسى»، سابىق «شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسى» ۋە «دېموكراتىك ياشلار پارتىيىسى» قاتارلىق پارتىيىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ياكى يېڭىدىن تەسىس قىلىش تەكلىۋى قويۇلدى. ئەمما يالغۇز زەيىدۇن يۈسۈپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە بارلىق ھەيئەتلەرنىڭ قارشىلىق مەۋقەسىگە مۇنداق رەددىيە بەردى:

— بىز بارىن يېزىسىغا داۋاملىق مەجلىس ئاچقىلى، ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلغىلى ۋە ئۆشرە - زاكات، سەدىقە ئېھسانلارنى يىغىپ، ئىقتىساد تويلاپ، يۇرتمۇ - يۇرت تاماشا قىلغىلى يىغىلمىدۇق. پەقەت مىللىتىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەشكىلات قۇرۇۋاتىمىز، پارتىيە قۇرۇۋاتىمىز، بىز قانداقلا بىر تەشكىلات قۇرمايلى، قانداقلا بىر پارتىيە قۇرمايلى، دۈشمەن بىزنى ئاياپ قويمايدۇ. سىلەر تەكلىپ قىلىۋاتقان پارتىيىلەر خەلقتىن ئايرىلغان، بېكىنمە، تۇرغۇن ھالدىكى ئىشخانا پارتىيىلىرى ئىدى، شۇنداقتىمۇ دۈشمەن ئاياپ تەكچىگە ئېلىپ قويمىدى. ئەمما، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» بولسا ھەم يېڭى، ھەم قەدىمى بىر مەۋجۇتلۇقتۇر. بۇ پارتىيە بوۋىمىز سۇلتان ساتۇق بىلەن ۋەتىنىمىزگە يىلتىز تارتقان، مىللىتىمىزنىڭ روھىغا سىڭىپ كەتكەن. ۋارىسلىق قىلىشقا لاياقەتلىك ئېقىم پەقەت شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىدۇر. ئەگەر

بىز مىللىتىمىز چۈشەنمەيدىغان، قوبۇل قىلالمايدىغان تۈيۈق كوچىغا كىرىپ قالىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ھېچ نەرسە يارىتالمايمىز، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز.
ئۇنىڭ ئالماستەك ئۆتكۈر پىكرى ئالدىدا ھەيئەتلەر سىماپتەك ئېرىپ، ھەممەيلەن شەرتسىز ھالدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنى ماقۇللىدى. ئەمما كۈندىن ـ كۈنگە مۇرەككەپلىشىپ مېڭىۋاتقان تەشكىلاتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى پەقەت زەيدۇن يۈسۈپنىڭ قارارىغا باغلىنىپ قالغان ئىدى.
89 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زەيدۇن يۈسۈپ ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىردى. ئۇ ھېچ كىم ئويلىمىغان يەردىن تەشكىلات پروگراممىسىدىكى: «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى دۈشمەنگە قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان، يوشۇرۇن سىياسى ھەرىكەت قىلىدۇ» دېگەن ماددىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا: «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى دۈشمەنگە قارشى ناھايىتى جىددى، ئوچۇق ئاشكارا قۇراللىق ھەرىكەت قىلىدۇ» دېگەن ماددىنى كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ پىكىرگە كۆپچىلىك قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا زەيدۇن يۈسۈپنىڭ قارارى ئىشقا ئاشتى. يەنى 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قۇراللىق ئۇرۇش قوزغاش رەسمى قارار قىلىندى.

زەيــدۇن يۈســۈپ ھەر قانــداق جــددى بــر پىكرنــى ئۇتتۇرىغــا قويغــان ھامــان ھەيئەتلەرنىــڭ كــۆپچىلىكى: ســەن مىللىتىمىزنــى ئۇتقــا تىقمــاقچى بولىۋاتــسەن، دۈشمەن كۆپ ۋە كۈچلۈك، بىز بولساق بەك ئاز ۋە ئــاجىز. شۇڭا شارائىتنى يېتىلــدۈرۈش، پۇرســەت كۈتــۈش كېــرەك دەپ پەخەس بولۇشنى تەلەپ قىلاتتــى. لــېكىن زەيــدۇن يۈسۈپ ئۇلارغا يوچۇق قالدۇرماي جاۋاب بىرەتتى:

— سىلەرگە ئوخشاش پەخەسچىلەر تۈپەيلىدىن ناھايىتى قــسقا مەزگــل ئىچــدە دۈشــمەن شــۇنداق كۈچيىــپ كەتتى. ھازىر دۈشمەن يىراق خىتايدىن كەلمەيدۇ، بەلكى خىتــاي جاھــانگىرلىرى بىزنىـــڭ مەھەللىمىـــزدىن، جەمەتلىرىمىـــزدىن، ھەتتـــا ئاتـــا ـ ئـــانىلىرىمىزدىن، پۈشــتىمىزدىن تامغــان بــالىلىرىمىزدىن، قــويىنىمىزدىكى ئاياللىرىمىزدىن بىزگە قارشى دۈشمەن يېتىشتۈردى. بىـز نــېمە يېتىلدۈرەلــدۇق. ئەكــسچە ھەمــمە نەرســىمىزنى يوقــاتتۇق. بىــز پۇرســەت كۈتۈشــنى بىلمەيمىــز. شــارائىت يېتىلدۇرۇشنى بىلمەيمىز. چۈنكى بۇ مىلــلەت بۇلغانغــان، روھىغــا قۇللــۇق تامغــسى بېــسىلىپ كەتــكەن، روھــى تەســلىم بولغــان مىلــلەت. بــۇ قەدەر كېرەكــسىز، بــۇ قەدەر سېــسىق نەرســنى تــازىلاش كېــرەك، ئوتقــا تاشــلاپ كۆيدۈرۈش كېرەك، بۇلارنىــڭ روھىغا بېسلغان قۇللــۇق تامغىسىنىڭ داغلىرىنى پەقەت ئوتتا كۆيــدۈرۈپ تــازىلاش كېرەك.

باشقىلارنىڭ: بىز قۇراللىق ئۇرۇش قىلمىز دەۋاتىمىز، ئەمما بىزدە نە قۇرال يوق، نە پۇل يوق، زادى بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىمىز، دېگەن تەنە سۇئاللىرىغا ناھايىتى ئاددىيلا مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىدى:
— ئەگەر بىز يەنىلا «يوق» دېگەن بۇ قەبىھ كەلىمىنى تەكرارلاۋېرىدىكەنمىز، يېقىن كېلەچەكتە بۇ مىللەت يوقۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇلنى بايلاردىن، قۇرالنى دۈشمەندىن ئالىمىز.
تەشكىلات ئەزالىرى ھەربىي مەشىق ئېلىپ بارىدىغان مەيدانغا زەيدۇن يۈسۈپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كەلگىنىدە ئەزالارغا نوتۇق سۆزلەپ مۇنۇلارنى دېگەن ئىدى:
— «بىزدە ھەقىقەتەن كۈچ يوق، قۇرال يوق، قۇرال سېتىۋالىدىغان پۇل يوق، لېكىن بىزدە ئالەمگە سىغمىغۇدەك ئىرادە، ئالەمچە غايە، چەكسىز غورۇر بار»، «بىزنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكىمىز ئاللاھ ۋە ئانا تۇپراق. ئەگەر ئۇرۇشتا قۇربان بولساق ئاللاھ رىزاسىغا ئېرىشىمىز، ئانا تۇپرىقىمىزغا كۆمۈلىمىز، ناۋادا غەلىبە قىلساق ئانا تۇپرىقىمىزغا ئىگە بولىمىز»، «بىزنىڭ ئىشىمىزنى مەنىستىمەيۋاتقان يىراق - يېقىندىكى بەزەن ئالىيجاناپلار ياكى بىزنىڭ جەڭ مەيدانىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغانلىقىمىزنى ئاڭلايدۇ ياكى ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنىڭ كۆكتە جەۋلان قىلغىنىنى كۆرىدۇ.»
شۇنداق قىلىپ ھەربىي مەشىقلەر، ئىدىيىۋى تەلىم - تەربىيىلەر ۋە ئۇرۇش تەييارلىقى ناھايىتى جىددى ئېلىپ

بېرىلدى. ھەر قايسى يۇرتتىن گەرچە ئىجابىي ئىنكاس كەلمىسىمۇ، لېكىن مۇناسىۋەت دائىرىسى كېڭەيمەكتە ئىدى.
تەشكىلاتنىڭ باش رەئىسى، پارتىيە باشلىقى ۋە ئۇرۇش قوماندانى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەر زەيدۇن يۈسۈپكە يۈكلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي توپلانغان ئومۇمى ئىقتىساد ئاران بەشمىڭ سوم بولدى. ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى پەقەت 17 دانە چوڭ - كىچىك مىلتىق، تاپانچا، 64 دانە يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان بومبا، 150 دانە قىلىچ، پىچاق، پالتا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بارىن ۋە باشقا قوشنا يېزىلاردىن تەقدىم ئېتىلگەن ئۇرۇش ئاتلىرى 20 تۇياقتىمۇ يەتمەيتتى. ئومۇمي ئەسكەر سانى بولسا 700 نەپەردىن ئارتۇق ئىدى. بۇ قەدەر ئاجىز ئەھۋالدا، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىگە، پەۋقۇلئاددە ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە ئۇرۇش ئېچىش ئەينى ۋاقىتتا ھېچ كىمنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمىغاندەك، زەيدۇن يۈسۈپنىڭ ئەقلىدىنمۇ ئۆتمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ بىرلا غايىسى: «ماددى، مەنىۋى جەھەتتىن بۇلغىنىپ كەتكەن، روھى تەسلىم بولۇپ، خائىنلارچە ياشاشقا كۆنۈپ كەتكەن بۇ مىللەتنى ئۇرۇشقا باشلاپ كىرىش» ۋە «بۇ مىللەت تېخى تۈگىمىدى. تېخى روھى تەسلىم بولمىدى» دېگەن سادانى دۇنياغا جاكارلاش ئىدى.

زەيدۇن يۇسۇپ دائىم نەپرەتلىنىپ تۇرىدىغان بۇ خائىن مىللەتنىڭ ئەپتى - بەشرىسى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. ئۇرۇش باشلىنىشقا 19 كۈن قالغاندا تەشكىلاتنىڭ مەركىزى ھەيئەتلىرى ئىچىدىكى ساتقىنلار 90 - يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇش پىلانىنى دۈشمەنگە پاش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بارىن يېزىسىنىڭ ئەتراپى خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن قورشاۋ قىلىندى.

ناھىيىدىن ناھىيە باشلىقلىرى، پارتكوم باشلىقلىرى ۋە ناھىيىلىك تەشۋىقات خادىملىرى بارىن يېزىسىغا يېتىپ كېلىپ، دەرھال مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ساختا سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى زەيدۇن يۇسۇپ، مۇئاۋىن باش قوماندان جامال مۇھەممەد تۇتقۇن قىلىنىپ، يېزىلىق ساقچى ئىدارىسىغا قاماپ قويۇلدى. لېكىن ھەر بىرى بىردىن باش قوماندان بولالىغۇدەك باتۇر ئەزىمەتلەر دەرھال قوزغىلىپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ نەق مەيداندا چاكارلىق قىلىۋاتقان ئەمەلدارلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇرۇش رەسمى باشلاندى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇرۇش توختىتىش ۋە دۈشمەن تەرەپتىن ئەسىرگە چۈشكەن كادىرلارنى قويۇپ بېرىش شەرتى بىلەن زەيدۇن يۇسۇپ ۋە جامال مۇھەممەد قويۇۋېتىلدى. ئەمما ئۇرۇش راسا ئەۋجىگە چىقتى. زەيدۇن يۇسۇپ ئېيتقاندەك

ھەقــقەتەن نۇرغۇنلىغــان خــل قــۇراللار دۈشـــمەن ئارمىيىسىدىن ئولجا ئېلىندى.
4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈش ۋاقتى بىلەن باش قوماندان زەيدۇن يۈسۈپ جەڭ مەيدانىدا شەھىد بولدى. مۇنتىزىم ئــۇرۇش شــۇ ئاينىــڭ 8 ـ كــۈنى كەچقــۇرۇنغىچە داۋاملىــشىپ، ئومــۇمەن باســتۇرۇلدى. مۇھاســىرىدىن بۆسۈپ تاغلىق رايۇنلارغا چېكىنگەن ئاتلىق قىسىم شۇ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگىچە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.
شــەرەپلىك بــارىن ئىنقىلابــى تــارىخ سەھىپىــسىدىنلا ئەمەس، مىللەتنىــڭ بۇلغانغــان، كىــر باســقان قەلبىــدىن چۇڭقۇر ئورۇن ئالدى. زۇلمەت باسقان روھىيەت ئالىمىنى يــورۇتتى. بــۇ دەل ئىنقىلابــى ســەبداش، بــاش قوماندان زەيدۇن يۈسۈپنىڭ غايىسى ئىدى.
2000 ـ يىلى يانۋار گېرمانىيە

# بارىندىكى قانلىق قىرغىن

(5 - ئاپرېل بارىن ئىنقىلابى قۇربانلىرىنىڭ خاتىرە كۈنى)

ئابدۇرەھىم راھمان

كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا مۇندىن 7 يىل بۇرۇن — 1990 - يىلى 5 - ئاپرېلدا ئېلىپ بارغان پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالەمىنىڭ غەزەپ - نەپرەتلىرىنى قوزغىغان دەھشەتلىك قىرغىنى ھەققىدە يېزىشتىن ئاۋۋال شۇ ۋاقىتتىكى ئومۇمى ۋەزىيەت توغرىسىدا ئاز - تولا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
جاھاندىكى دېمۇكراتىك ھەرىكەتلەر بولۇپمۇ شەرقىي ياۋرۇپا بىلەن سابىق سوۋېت ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى دېموكراتىك ئۆزگىرىشلەر مۇستەملىكىچىلەرنى تولىمۇ ساراسىمىغا سېلىپ قويىدى. جاھاندىكى ھېچ بىر ئىستىبدات ئۆز ھالاكىتىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. رۇمېنىيە ئىستىبداتى چائۇ شېسكونىڭ ھالاكىتىنى كۆرگەن خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۈيقۇسىنى يوقاتقان ئىدى. بۇ خاتىرجەمسىزلىكنى ئۇلارنىڭ 1990 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئېلان قىلغان «شەرقىي ياۋرۇپا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىيىتىدە بولغان ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئوختۇرۇش» لىرىدىن

تولـۇق كـۆرگىلى بـولاتتى. «ئوختۇرۇشـتا»: «نـۆۋەتتە خەلقئـارا مىقياسـتىكى سـىنىپى كـۈرەش مـۇرەككەپ ۋە جىددى ئۆزگىرىش بولـۇپ تۇرۇۋاتقـان ۋەزىـيەت ئاسـتىدا جاھانگىرلىكنىـڭ ياۋرۇپـادا «تـىنچ ئۆزگەرتـىۋېتىش» سۈيىقەسـتى ئـىشقا ئاشـتى. ئـۇلار ئەمـدى باشـقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە بولۇپمۇ دۆلىتىمىزگە قارىتا «تىنچ ئوزگەرتىۋېتىش» سۈيىقەتستلىك ھەرىكەتلىرىنـى تېخىمـۇ ئېلىـپ بارىـدۇ... ئىلگـىرى شـىنجاڭغا قارىتـا بۆلگۈنچىلىـك ئېلىـپ بارغـان ئوتتـۇرا ئاسـيا ۋە غەربـي ئاسيادىكى شـەرقىي تۈركىستانچى تۈرلـۈك تەشـكىلاتلار ئەمـدى شـىنجاڭغا قارىتـا مىللىـي بۆلگۈنچىلىـك ھەرىكەتلىرىنـى تېخىمـۇ كۈچەيتىـدۇ...» دېـيىلگەن. («ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگـۈنچىلىككە قارشـى تۇرۇشـقا ئائىـت ئـۆگىنىش ماتېرىياللىرىـدىن تاللانما» ناملىق ئىچكى ماتېرىيالنىڭ 60 ـ 61 ـ بەتـلەر. كېيىنكى ئىزاھاتلاردا قىسقارتىپلا «تاللانما» دېيىلىدۇ.)
ھەقىـقەتەن ئـۇلار شـەرقىي تۈركـىستان، تـىبەت، ئىچكـى موڭغۇلىيە قاتارلىق مۇستەملىكىلىرىدىن ئايرىلىش ۋاقتـى يېتىـپ قالغـانلىقىنى ھـېس قىلىـشىپ ئـارامىنى تامـامەت يوقىتىشقان ئىدى. چۈنكى خىتاينىڭ ھەمـمە دەۋرىـدىكى ئەمەلـدارلىرىنىڭ قېنىغـا سـىڭىپ كەتـكەن بىـر ئومـۇمى ئوخشاشلىقى بار: ئۇ بولسىمۇ ھاكىمىيەت كەتـسىمۇ ھاتتـا خىتـاي زېمىنىنىــڭ بىــرەر پارچىــسى كەتـــسىمۇ، مۇسـتەملىكىنى قولـدىن بېرىۋەتمەسـلىك. مانـا شـۇ يـول

بىلەن ئىككى ئەسىردىن بېرى ئۆز مۇستەملىكىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ كەلدى.

بىراق خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ رايىغا بېقىشىۋېرىدىغان زامانىنىڭ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىتىگە خاس جاھىللىقى بىلەن مۇستەملىكىلىرىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن چىن تىرىنىقى بىلەن تىرەجمەكتە.

بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە مۇستەملىكىچىلەر پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭدا قىلىشقان سۆزلىرى پىكىرىمىزگە دەلىل بولالايدۇ. 1990 ـ يىلى 15 ـ فېۋرال كۈنى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن جاڭ زىمىن: «خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى دۈشمەن ئۇنسۇرلار بۇزغۇنچىلىق قىلىش كويىدا بولىۋاتقانلىقىغا سەل قارىماسلىق كېرەك... ئىچكى، تاشقى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى ئەزەلدىن توختىتىپ قويغىنى يوق. تىبەتنى كۆزلەپ تۇرغان دالاي گۇرۇھى، شىنجاڭنى كۆزلەپ تۇرغان ئىيسا گۇرۇھى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەنى كۆزلەپ تۇرغان موڭغۇلىيە گۇرۇھى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا شىۋىتسارىيىدە بىرلەشمە ئاپپارات قۇردى. يېقىنقى دېھلىدا ئورگان ژۇرنال تەسىس قىلدى. ھەتتا دالاي لاما بىزنىڭ شەرقىي ياۋرۇپا يولىدا مېڭىشىمىزنى ئاشكارا تەلەپ

قىلـدى....«يارىـشىش» مەيـدانىمنى ئـۆزگەرتىمەن، دەپ تەھـــدىت ســالدى... ئىچكــى موڭغــۇلىيە، تــبەت، شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ توۋلىغـان شـۇئارلىرى ئوخـــشاش: — «يـــادرو ســـىنىقى كېـــرەك ئەمەس»، «بـايلىقلارنى تـالان - تـاراج قىلىـشقا قارشـى تـۇرايلى»، «ســـىرتتىن كەلگەنلەرنـــى قـــوغلاپ چىقرايلـــى» — دېيىـشىدۇ، دەپ بىـر هـازا بىلجىرلىغانـدىن كېيىن: «... تەسادىپى يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنىڭ لايىھەسىنى ئالـدىن تۈزۈپ تەييارلىق قىلىپ تۇرۇش كېرەك. تىرىشىپ تۆرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتنى پىلانلىنىش باسقۇچىدا تۇسـۇپ بىخ هالىتىـدە يـوقىتىش كېـرەك» دەپ بـۇيرۇق قىلـدى.» («تاللانما» 12 - 16، - بەتلەر).

يۇقىرىـدا ئېيتىلغـان يىغىنـدا بـاش مىنىـستىر لـى پىڭمـۇ سۆزگە چىقىپ خىتاي سياسەتچىلىرىگە خاس ئەزمىلىـك بىـلەن ئـۇزاق بىلجىرلاپ، كـۆپ پوپـوزىلارنى قىلغانـدىن كېـــيىن ســـۆزىنى: «بۆلگۈنچىلىـــك، بۇزغۇنچىلىـــق ھەرىكەتلىرىنى بىخ هالىتىـدە تۈگىتىـشىمىز لازىـم»، دەپ تۈگەتتى.

مانــا شــۇ بىرىنچــى ســېكرىتار ۋە بــاش مىنىــستىرلارنىڭ ئاغزىـدىن چىققـان: «بىـخ هالىتىـدە يـوقىتىش» دېـگەن ئىبـارىلەر، لەنىتـى «مەدەنىـيەت ئىنقىلابـى» دىـن بۇيـان بـــاغرى چىلاشـــقىدەك قـــان ئىچمـــگەن، شـــەرقىي تۈركىستاندىكى ۋاڭ ئېنماۋ باشلىق خۇنخۇمارلار ئۈچۈن

يەنە بىر قېتىم تويغىچە قان ئىچىشكە بېرىلگەن يوللانما ياكى رۇخسەتنامە ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قېنىنى 45 يىلدىن بويان شوراپ تۇلۇم چاشقاندەك سەمرىپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ شىللىسىگە قېزا باغلاپ كەتكەن بۇ قېرى ئىستىبدات ۋاڭ ئېنماۋ ئۆزىنىڭ مەركەزدىن دوپپا سورىسا باش ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئادىتى بويىچە بېيجىڭدا جاڭ زېمىن ۋە لى پېڭلار ۋالاقلاشتىن بىر يىل بۇرۇن (1988 - يىلى 14 - مايدا) ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنىدا، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى توغرۇلۇق كۆپلىگەن ئەنسىز خەۋەرلەرنى سۆزلەپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە چاقىرغان ئىدى. مەۋجۇت زىددىيەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي، ھەممە «گۇناھ» نى چەتئەلگە دۆڭگەپ ئادەتلەنگەن ۋاڭ ئېنماۋ: «شىنجاڭدىكى خەۋپ نەدىن كېلىدۇ؟» دېگەن سۇئالنى قويۇپ، ئۆزىلا: «مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەردىن، ئاساسلىقى چەتئەللەردىكى دۈشمەنلەر ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئۆز سۆزلىرىنى دەلىللەش ئۈچۈن يەنە: «چەتئەللەردە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان ۋەتەن قۇتقۇزۇش فرونتى»، «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاب فرونتى»، «شەرقىي تۈركىستان ساخاۋەت فوندى»، «قازاق

تۈركلىرى ساخاۋەت فوندى»، «يېڭى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتى»، «دۇنيا ئىسلام بىرلەشمىسى»، «شەرقىي تۈركىستان، مانجۇرىيە، موڭغۇلىيە ۋە تىبەت بىرلەشمە كومىتېتى» لاردىن ئىبارەت يەتتە تەشكىلات ئىشلەۋاتىدۇ..» دەپ ئۆتتى. («تاللانما» 45 ـ، 46 ـ بەتلەر).

ئەپسۇسكى، چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ تەشكىلاتلاردىكى كىشىلەر چەتئەللىك بولماستىن، مۇستەملىكىچىلەر ئازاۋىدىن تۈرلۈك دەۋىرلەردە چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. خىتاي بېسىۋالغان يەرلەرنىڭ ھەققى ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى مۇستەملىكىچىلەردىن ئازات قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى ئىنسانى بۇرچى ئىكەنلىكىنى بۇ قېرى ئىستىبدات ياخشى چۈشەنسىمۇ، ئەتەي ئاشۇنداق بورمىلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئادەتلىنىۋالغان.

ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرىنچى سېكرىتارى سۇڭ خەنلياڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىش ئېھتىمالى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ئىچكى، تاشقى بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان ئاساسى خەۋپ ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇۋېلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىمىز

نىشانىمىز ئوق ئاتقانلىق ئەمەس، بەلكى تولۇق ئاساسقا ئىگە. بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئوبېكتىۋ مەۋجۇت. شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى ھەرىكەت ئەزەلدىن توختاپ قالغان ئەمەس. بەزىدە كەسكىنلىشىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقئارا چوڭ كىلىماتىنىڭ تەسىرىدىن كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇش، سوتسىيالىزمنى ئاغدۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش مەقسەت قىلىنغان نەق ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر باش كۆتۈرۈپ قالدى. مىللىي مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىشقا قۇترىتىدىغان سىياسىي دىلولار كۆپەيمەكتە. بۇرۇن كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان، ياكى قاماق مۇددىتى پۈتۈپ قويۇپ بېرىلگەن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات ئەزالىرى، مەسىلەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا» مەنئى قىلىنغان «شەرقىي تۈركىستان پارتىيە» سىنىڭ بەزى ئەزالىرى باش كۆتۈرۈپ پۇرسەت ئىزدەپ ھەرىكەت قىلماقتا. بولۇپمۇ يېڭىدىن ئۇيۇشقان بەزى ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلار تەشكىلى ۋە پروگراممىسى بولغان ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش يولىدا سىياسى سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىقىنى تەرغىپ قىلىدىغان، شۇنىڭدەك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل شۇئارلار، تەشۋىق ۋاراقلىرى، چوڭ - كىچىك خەتلىك گېزىتلەر پۈتۈن

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆرۈلمەكتە» دېدى.
(«تاللانما» 109 ـ 110 ـ بەتلەر).
سوۋېت خەنلىياڭ تەن ئالغانىدەك شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتى توختىغان ئەمەس. ھەقىقەتتە توختىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مۇستەملىكە ئازاۋىنى تارتىۋاتقان خەلق، ئۆزىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالمىغۇچە توختىمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەنە شۇ توختىماي كېلىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى 1990 ـ يىللارغا كەلگەندە يەنىمۇ يېڭى پەللىلەرگە كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى چەتئەلدىن ئەمەس، مۇستەملىكىچىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ سىياسىتىدىن ئىزدىشى كېرەك. كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىدىنلا ئەمەس، جاھان مۇستەملىكە تارىخىدىكى ئەڭ ياۋۇز مۇستەملىكىچىلەردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ھېچ بىر مۇستەملىكىچى ئۆز مۇستەملىكىسىنى كوممۇنىستلاردەك بۇلىغان ئەمەس. بۇ مۇستەملىكىسىگە كوممۇنىستلاردەك خىتاي توشۇغان ئەمەس. كوممۇنىستلاردەك كۆپ قان تۆككەن ئەمەس. كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرى خەلقنى گادايلاشتۇرۇپلا قالماستىن، ھوقۇقسىز قوللارغا ئايلاندۇردى. ئىنسان ھوقۇقى تامامەن دەپسەندە قىلىندى. ئاتوم سىنىقى بىلەن خەلقىمىزنى زەھەرلەپ قىرغىنى ئازلىق قىلىپ «پىلانلىق تۇغۇت» دېگەن بىرنېمىنى باھانە قىلىپ

بوۋاقلارنى بوغۇپ تاشلاشقا يەتتى. كەلكۈندەك كېلىۋاتقان خىتاي ئاققۇنلىرى ئىچىدە بۇ مۇقەددەس يۇرتنىڭ ئىگىلىرى ئەڭ ئاز سانلىق، ئەڭ نامرات، ئەڭ ھوقۇقسىز قۇللىرىغا ئايلىنىپ، مىللەت يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە كېلىپ، پىچاق سۆڭەككە يەتكەن چاغدا خەلق «يا ئۆلۈم يا كۆرۈم» دەپ كۆرەشكە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت سۇڭ خەنلياڭ ئۆزى تەن ئالغاندەك ھەممە بولۇڭ - بۇشقاقلارغىچە ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

جاي - جايلاردا قۇرۇلغان تەشكىلاتلار، گۇرۇپپىلار ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىپ، مەسلىھەتلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز يەرلىرىدە قوزغىلاڭ ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى تەييارلىقلارنى كۆرۈشىۋاتقان بولۇپ، خىتاي جاللاتلىرى قانغا مىلىنىۋەتكەن بارىن يېزىسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا پات يېقىندا كۆتۈرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان چوڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قادىر ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن ۋاڭ ئىنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق خىتاي خونخۇمارلىرى بېيجىڭدىن: «بىخ ھالىتىدە يوقىتىش» نامى بىلەن قان ئىچىشكە رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان خەلقى چۈچىغۇدەك بىر جاللاتلىقنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن، قوزغىلاڭ جەريانلىرىنى سۈنئى ھالدا تېزلىتىپ شۇ يەردىلا باستۇرۇپ، خەلقنىڭ يۈرۈكىنى مۇجۇۋېلىش ئۈچۈن

قۇلايلىق جاي دەپ بارىن يېزىسىنى تاللىۋالغان ئىدى. بارىن خەلقى ئىلگىرى بىر قانچە قېتىم قوزغىلىپ مۇستەملىكىچىلەرگە ئۆزلىرىنى تونۇتقان ئىدى. قىرى تۈلكە ۋاق ئىنماق قەيەردە كۆپرەك قوزغىلاڭ بولسا شۇ يەرگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ساقلاشتا ئۈلگىلىك ئورۇن» دەپ نام بەردى. بۇ نامغا شەھەرلەردىن خوتەن، ناھىيەلەردىن قاراقاش، يېزىلاردىن بارىن ئىگە بولغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئورۇنلار مۇستەملىكىچىلىككە قارشى ھەرىكەتنى توختاتماي كېلىۋاتقان ئورۇنلارغۇ؟!

خىتاي مەككارلىرى خەلقنى ئالداپ، سىرتىدىن پەردازلاپ ھېچ ئىش بولمايۋاتقاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ، دىققەتنى بۇ جايلاردىن مىنۇتمۇ يىراقلاشتۇرمايتتى. خوتەن، قاراقاش، بارىن قاتارلىق جايلارنىڭ ناملىرى ئاتالغاندا، مۇستەملىكىچىلەر يۈرەكلىرىگە خەنجەر سانجىلغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قوزغىلاڭنى سۈنئىي ھالدا تېزلىتىشنى دائىرىسى كىچىكرەك، قاتناش شارائىتى قولايسىز بىر بولۇڭ بارىن يېزىسىدىن باشلاشنى پىلانلاشتى.

بارىن يېزىسى — ئاقتۇ ناھىيە مەركىزىدىن 17 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. كۆلىمى 1087 چاسا كىلومېتىر بولۇپ، ئاھالىسى خىتاي جاللاتلىرى قىرىۋېتىشتىن بۇرۇن 19659 كىشى ئىدى. تەۋەسىدە 14 مەمۇرى كەنت 63 تەبىئىي كەنت بولۇپ، بۇ تەۋەدىكى كىشىلەر ئاق كۆڭۈل، ساپ ۋىجدانلىق، ھالال

ئەمگەكچىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ هالال ئەمگەك مېۋىلىرىنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بۇلاپ كېتىشىگە قارشى بىر قانچە قېتىم قوزغالغان ئىدى:

1950 ـ يىلى بارىن 2 ـ يېزىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى هېكىم تاش، يېزا خەلقى يېرىم ئاچ هالەتتە ياشاۋاتقان شارائىتتا خىتايلار يېزا ئاشلىقىنى ئىچكىرىگە توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرى بىلەن ماشىنىلارنى توسۇپ ئاشلىقنى چۈشۈرۈۋېلىپ، ئاچ ـ يالىڭاچ كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇستەملىكىچىلەر هېكىم تاشنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

1969 ـ يىلى 16 ـ ئاۋغۇست كۈنى بارىن كوممۇناسىدىكى ئەزىز ئوسمان بەش يۈزدەك كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاقتۇ ناهىيىلىك قۇراللار بۆلۈمىدىن نۇرغۇن قۇرال ـ ياراقلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن (20 ـ ئاۋغۇستتا) بارىن كوممۇنا ئىنقىلاب كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇهەممەد ئىيسا مىڭدەك ئادەمگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ناهىيىلىك قۇراللار بۆلۈمىگە باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن قۇرال ـ ياراقلارغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى قارشى چىققانلار بىلەن بىر مەيدان ئېلىشىپ مۇستەملىكىچىلەر تارىخىدا «20 ـ ئاۋغۇست ۋەقەسى» دەپ نام ئالغان ۋەقەنى يەنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىچلىرىگە لەختە ـ لەختە قان ئۇيۇتىۋەتكەن ۋەقەنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ياۋۇز

جاللات ماۋزېدۇڭ شەخسەن يېتەكچىلىك قىلغان لەنىتى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ لىۈكچەك ۋە جاللاتلىرى بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىپ ئۇلارنىڭ شۇم ئاياقلىرىنى ئاقتۇ تەۋەسىگە يولاتمىغان ئىدى.

سۇڭ خەنلياڭ ئۆزى تەن ئالغاندەك «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى» نى تەرغىپ قىلىدىغان ھەرىكەت ھەممە يەردە ئەۋج ئېلىۋاتقان شارائىتتا بارىن يېزىسىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار ئويۇشۇپ، باشقا يەرلەردىكىلەر تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن تەشۋىق - تەرغىبات ئارقىلىق كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلسا يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بويىچە قورال - ياراق ياساش ۋە سېتىۋېلىش ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. سۇڭ خەنلياڭ ئۆز دوكلاتىدا، ئۇ ياشلارنى 1989 - يىلىدىن باشلاپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» قۇرغان، دەيدۇ. («تاللانما» 119- بەت.)

بۇلار راست شۇنداق پارتىيە قۇرغانمۇ ياكى ۋەتەن تەۋەسىدىكى شۇ ناملىق پارتىيەنىڭ بارىن يېزىسىدىكى ئەزالىرىمۇ بۇ تەرىپى بىزگە نامەلۇم. بىزگە مەلۇمى، بارىن يېزىسىدا زەيدۇن يۈسۈپ، ئابدۇغەنى تۇرسۇن، جامال مۇھەممەد، ئىسھاق ھۇشۇر، ئابدۇرەھىم تۇردى. مۇھەممەد تۇردى، ئەھەد تىلىۋالدى، تۇرغۇن ئىسھاق، مۇھەممەد تۇرسۇن، سىدىق ھاجى ئىسھاق، ئابدۇللاھ قاسىم، رەھىمجان ئەھەد قاتارلىق ئىلغار ۋىجدانلىق ياشلار چوڭقۇر بىلىملىك زەيدۇن قارىنىڭ (زەيدۇن

يۈسۈپ) يېتەكچىلىكىدە ۋەتەندە بولغۇسى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت ئۈچۈن ئويۇشۇپ خەلقنى ئويۇشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن بىر قاتاردا يەرلىك ئۇسۇلدا مىلتىق، قىلىچ، گىراناتلارنى ياساش بىلەن ئۇلارنى ئىشلىتىشنى مەشىق قىلىش، باشقا جايلاردىكى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ پائالىيەتلىرىنى ئويغۇنلاشتۇرۇشنى نىيەت قىلىشۋاتاتتى. تەشكىلاتتىكى ئونچە كىشى ئىچىدە ئابدۇرەھىم تۇردى، مۇھەممەد تۇرسۇندىن ئىبارەت ئىككى كىشىنى ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىشمۇ پىكىرىمىزنى تەستىقلايدۇ. شۇنداقلا سۈك خەنلياڭنىڭ ئۆزىمۇ تەستىقلايدۇ. قوزغىلاڭ ھەققىدە غەزەپ بىلەن دوكلات قىلغان سۈك خەنلياڭ: «...ئۇلار ھەتتا «بىز كۆرەش قىلىپ خىتايلارنى قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك... دۆلەت ئىچىدىمۇ، سىرتىدىمۇ بىزنى قوللايدىغانلار بار... بىز تەشكىللىنىپ بولدۇق، يۇقىرىدىن بۇيرۇق چۈشسىلا ھەرىكەت قىلىمىز..» دەپ غالجىرلىق بىلەن جار سېلىپ ھە دەپ ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى توپلىغان» دەيدۇ. («تاللانما» 118-بەت.)

شۇنداقلا سۈك خەنلياڭ «زەيدۇن يۈسۈپ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى تاپالماي يۈرگەن قاغىلىقلىق قاتىل جىنايەتچى ئوبۇلقاسىمنى تېپىپ كېلىپ 1990 - يىلى 20 - مارتتىن باشلاپ كىشىلەرگە مىلتىق ئېتىش، قىلىچ چېپىش، گىرانات ئېتىش قاتارلىق ئۆگىتىش

مەشـقلىرىنى ئۆگەتكـۈزگەن» دەيـدۇ. («تاللانمـا» 144 ـ بەت.)
ئوبۇلقاسـىمنىڭ ئىنقىلابچىلارغـا ئـۇرۇش ئەسـلىھەلىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن 15 كۈن تولىمـۇ يېتەرسـىز ۋاقىت ئىدى، ئەلۋەتتە.
دېـمەك، بارىنـدىكى تەييـارلىق ئۈسـتىدىكى ئىنقىلابچـى ياشلار شۇ كۈنلەردە قوزغىلىـپ چىقـش ئويـدىن خېلىلا يىـــراق ئىـــدى. خىتـــاي مۇســـتەملىكىچىلىرى باشـــقا يەرلەردىكـگە ئوخـشاشلا بارىنـدىكى تەشـكىلاتلاردىنمۇ خېلـى بـۇرۇن خەۋەردار ئىـدى. كـۆپ يىلـلار سـىنىقىدىن ئۆتكەن «ئۇرۇپ كىرگۈزۈش» ئۇسـۇلى بىـلەن بۇلارنىـڭ ئىچىگىمـۇ مىللىـي مۇنـاپىقلارنى كىرگۈزىۋېتىــپ شـۇلار ئارقىلىق قارا نىيەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇردى...
باشــتا 10دىـــن 20 دىـــن ســـاقچى كېلىـــپ تەشــكىلات ئەزالىرىنى تۇتۇشـقا باشـلىغاندا خەلـق ئـۆز پەرزەنتلىرىنـى جـاللاتلار قولىغـا بەرمەي ئۇلارنىـڭ دەككىـسىنى بەردى. كىمنـى تۇتـۇپ كېتىپتـۇ دېسە، ئارقىـسىدىن قوغلىـشىپ بېرىپ، جاللاتلارنىڭ قوللىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشتى. زەيدۇن يۈسـۈپنى تۇتـۇش ئۈچـۈن بارغـان بەش چىرىـك قـۇرال ـ يارىقىــدىن ئايرىلىــپ يارىــدار يانــدى. شـۇنداق قىلىـپ دەســـلەپتە 40 ـ 50 كېـيىن 150 ـ 200 ئاخىرىـــدا 500 دەك جـاللات بارىنغـا كېلىـپ خەلقـكە تەھدىـد سـالغاندا قەھرىمان بارىن ياشلىرى «يېتىپ قـالغۇچە ئېتىـپ قـال» دەپ ئۇلار بىـلەن ئۆزمـۇ ئـۆز ئېلىـشىپ نۇرغـۇنلىرىنى يەر

چىشلىپ، كۆپلىرى ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولۇشتى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ جاللاتلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئەمەس، ھەتتا ئىچكىرى خىتايدىنمۇ كېلىپ نوپۇسى 20 مىڭغا يەتمەيدىغان بىر يېزىنىڭ خەلقىنى قىرىشىپ بەردى. ئىچكىرى خىتايدىنمۇ جاللاتلارنىڭ ياردەمگە كەلگەنلىكىنى قانخور ۋاڭ ئىنماۋنىڭ 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سۆزلىگەن سۆزىدىكى: «... قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ياردەم كۆرسەتكەن لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ليۇشۇەن خۇا، مۇئاۋىن قوماندان دۇڭجەنلىڭلارغا رەھمەت»، ئېيتىشىدىن بىلىشكە بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جاي - جايلىرىدىن ۋە ئىچكىرى خىتايدىن كەلگەن سانسىز جاللاتلار شۇ دەرىجىدە ۋەھشىلىك بىلەن قەتلىئام قىلدىكى مەشھۇر جاللاتلار جاۋخۇي ۋە زوزۇڭتاڭلاردىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بۇ جاللاتلار بېسىپ ئۆتكەن يوللاردا بىرمۇ تىرىك جان قالدۇرماستىن 8 - يېزىنى گورىستانلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھەتتا بۆشۈكتە ياتقان بالىلارنىمۇ پىلىمۇت بىلەن ئېتىپ، بۆشۈكلەرنى ئۆتمۇ تۆشۈك قىلىۋەتكەن...

خوتۇنلىرى قىز تۇغۇپ قالسىمۇ چەتئەلگە دوڭگەيدىغان خىتاي مۇتتەھەملىرىنىڭ دوڭگەشلىرىنىڭ ئاساسىزلىقلىقىنى بۇ نۇۋەت ئۆزلىرى ئىسپاتلاپ قويدى. قانلىق باستۇرۇشتىن كېيىن قولغا چۈشكەن قۇراللار

ھەققىدە سۆزلىگەن سۇك خەنلياڭ: «ئـۇلار قـۇرال - يـاراق دورىلارنـــى مەخپـــي ســـېتىۋالغان ۋە ياســـىغان... قىسىملىرىمىز ئۇلار ئۆزى يەرلىك ئۇسۇل بىـلەن ياسـىغان نۇرغۇن گىرانات، قول بومبىسى، پارتلاتقۇچ بومبـا، قىلىـچ قاتارلىق قـۇراللارنى قولغـا چۈشـەردى. بـۇ قـۇرال - يـاراق، ئوق - دورىلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، يېتەرلىك ئىكەن. بـۇ ئۇلارنىـڭ ئـۇزاق مـۇددەت تەييـارلىق كـۆرگەنلىكىنى كۆرســـىتىدۇ. گىراناتلىرىنىـــڭ بەزىلـــرى چۈيۈنـــدىن، بەزىلىرى پولات تۇرۇبىدىن ياسالغان، زەربە بېرىش كـۈچى ناھـــايىتى زور ئـــكەن. قىلىچلارنىـــڭ ئـــۇزۇنلىرى 60 سانتىمېتىر، قىـسقىلىرى 30سـانتىمېتىر بولـۇپ، ئالاھىـدە ياساشـقان. نۇرغـۇن كىـشىلەر يەرلىـك گىرانـات ئېـتىش بـويىچە مەخـسۇس تەربىـيىلەنگەن»، دەيـدۇ. («تاللانما» 140 - بەت).

بىرەرمـۇ چەتئەلـدىن كەلـگەن ئـادەم، بىرەرمـۇ چەتئەلـدە ياسالغان قۇرال تاپالمىسىمۇ يەنە بۇ خىتاي مـۇتتەھەملىرى ھەممىـنىلا چەتـئەلگە دۆڭـگەپ، قوزغىلاڭلارنىـڭ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ قەبىھ مۇستەملىكىچىلىك سىياسـىتىگە قارشـى بولىۋاتقانلىقىنى تەن ئالغۇسى كەلمەيدۇ.

سۇك خەنلياڭ مەلۇماتـدىن كېيىن خەلقىمىزنىـڭ قـۇرال ياساشـــنى ئۆنتـــۈپ قالمىغـــانلىقىنى ئـــاڭلاپ قـــانۇنى پەخىرلەنـــسەكمۇ، بـــۇ پەخىرلىنـــشىنىڭ ئـــۆزىلا كۇپـــايە قىلمايـــدۇ. دېمەكچـــى بـــولغىنىم: ۋەتەنـــدە مىڭـــلارچە قېرىنداشـــلىرىمىز ھۆرلـــۈك - ئـــازاتلىق ئۈچـــۈن ئەزىـــز

جانلىرىدىن كېچىۋاتقان ۋاقىتتا ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان، ئۆزلىرىنى «ۋەتەنپەرۋەر» ئاتىۋالغان كىشلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنى بازارغا سېلىش بىلەن ئەۋارە، مىكيانمۇ بىر تۇخۇم بېرىشۈتىپ ئاندىن 10 ـ 20 ۋاقىرايدۇ. بەزىلەر شۇ مىكيانچىلىك بىر تۇخۇم بەرمەي تۇرۇپ ھەتتا بەزەن خەلقكە قارشى ئىش قىلىپ تۇرۇپ، شۇ خەلقنىڭ «لىدىرى بولىمەن» دەپ پۇتمىگەن ئۆينىڭ تۆرىنى تالىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ يۈزلىرىگە پاتقاق چېچىش بىلەنلا قالماستىن، شەھەرمۇ شەھەرلا ئەمەس، ھەتتا دۆلەتمۇ دۆلەت يۈگۈرۈپ يىتنە ـ پاسات، بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇغىنى چېچىپ، بىر خەلقنى بىر نەچچىگە بۆلۈۋىتىپ، دوستقا تاپا، دۈشمەنگە كۈلكە قىلماقتا. ئاخىرقى ھېسابتا دۈشمەن ئۈچۈن ئىشلىمەكتە...

«ۋەتەنپەرۋەرلەر» ئۆز ئۆزىنى بازارغا سالىدىغان ئىشلارنى قىسقارتىپ، ۋەتەن، مىللەت يولىدا قۇربان بولغان ۋە تۈرمىلەردە چىدىغۇسىز ئازاب چېكىۋاتقان جەسۇر قەھرىمانلىرىمىزنى ھەمىشە يادىمىزدا تۇتۇپ، قۇربان بولغانلارنى ئەسلەش بىلەنلا قالماستىن، شەرەپلىكناملىرىنى تىكلەپ، تىرىكلىرىگە ئەمەلى مەدەت بەرگەن بولساق ئۆزىمىزنى مىڭ قېتىم بازارغا سالغاندەك ئۇلۇق ئىش بولغان بولاتتى.

مەن ۋەتەنداشلىرىم بىلەن تۆۋەندە ئىككى مەسىلىدە كېلىشۋالماقچىمەن:

بىرىنچىسى: بەزى ئۇششاق - چۈشەك مەتبۇئاتلاردا «بارىن دېھقانلار قوزغىلىڭى» دېگەن سۆزلەر پەيدا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىنتايىن ساۋاتسىزلىق. «دېھقانلار قوزغىلىڭى» بىلەن مىللىي ئازاتلىق قوزغىلىڭىنى پەرق قىلالماسلىق تامامەن ئەقىلسىزلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن بارىن قوزغىلىڭىنى قەتئىي ھالدا «مىللىي ئازاتلىق قوزغىلىڭى» دەپ بېكىتىشىمىز، ئۇنىڭغا شامال كىرگۈزمەسلىكىمىز كېرەك.

ئىككىنچىسى: بىزنىڭ ياشلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى خىتاي ۋەتەنپەرۋەرلىرىدىن لى دا جاۋ، فاڭ جىمىن، دۇڭ سۇڭ رۇيلا بىلەن رۇسلاردىن ئالىكساندىرما تورونسوۋ، ئولىگە كوشېۋۋى، زوياكو سىمىدىما نىسكايالارنى ياخشى بىلىدۇ. بۇ يامان ئىش ئەمەس ئەلۋەتتە. ئۆز قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ئىسىم شەرىپلىرىنى بىلمەسلىك ئەلۋەتتە يامان ئىش. زەيدۇن يۈسۈپ باشلىق بارىن قەھرىمانلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرى تارىختا ئۆتكەن ھېچ بىر قەھرىمانلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق بىلىشى ۋە ئىسىم - شەرىپلىرىنى يادلاپ، روھىغا دۇئا قىلىشلىرى كېرەك.

مەن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەممە ۋەتەنداشلىرىمىزغا ھەر يىلى 5 - ئاپرېل كۈنىنى «بارىن قۇربانلىرىنىڭ خاتىرە كۈنى» دەپ بېكىتىپ، ھەر يىلى بۇ كۈننى ھەممە جامائەت تەشكىلاتلىرى ھەتتا ھەر بىر ئائىلىلەردە خاتىرىلەشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان

بـولاتتىم. بـارىن قەھرىمانلىرىنىـڭ ئىـسلىمرى يۇقىرىـدا يېزىلغــان بولــسىمۇ كېيىنكــى تەكلــۋىمنى قــۇۋۋەتلەش يۈزىــسدىن تىزىمنــى قايتــا يېزىــشنى مۇۋاپىــق كــۆردۈم. (ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى):
1 ـ زەيدۇن يۈسۈپ (زەيدۇن قـارى) 26 يـاش، تەشـكىلات باشلىقى.
2 ـ ئابدۇغەنى تۇرسۇن ئورۇنباسارى.
3 ـ جامال مۇھەممەد 28 ياش، ھەربىي قۇماندان.
4 ـ ئىسھاق ھۇشۇر ئارقا سەپ تەمىنات مەسئۇلى.
5 ـ ئابدۇرەھىم تۇردى.
6 ـ مـۇھەممەد تۇرسـۇن 23 يـاش بـۇ ئىككــسى ئـالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل.
7 ـ مـۇھەممەد تـۇردى بىرىنچـى تۈركـۈم جەڭچىـلەرگە مەسئۇل.
8 ـ ئەھەد تىلىۋالـدى ئىككىنچـى تۈركـۈم جەڭچىـلەرگە مەسئۇل.
9 ـ ئوبۇلقاسىم ئىبراھىم ئاتلىق جەڭچىلەرگە مەسئۇل.
10 ـ تۇرغۇن ئىسھاق.
11 ـ سىددىق ھاجى ئىسھاق 26 ياش.
12 ـ ئابدۇللاھ قاسىم 30 ياش.
13 ـ رەھىمجان ئەمەت پارتلىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل.
بۇلارنىـڭ ئىچىــدىن زەيـدۇن يۈسـۈپ، ئىـسھاق ھوشـۇر، ئابدۇرەھىم تۇردى، مۇھەممەد تۇرسۇن قاتارلىق يىگىتلەر بىرىنچـى كۈنــدىكى جەڭــدىلا (1990 ـ 5 ـ ئاپرىـل)

ھازىرچە بىزگە ئىسمى مەلۇم بولمىغان بىر قانچە سەپداشلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە شەھىد بولغان ئىدى. ياتقان يەرلىرى جەننەتتە بولسۇن، ئامىن!
قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ، بىر قىسمى قېچىپ كەتكەن ئىدى. بىراق كۆزگە قان تولغان خىتاي جاللاتلىرى قاچقانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئېتىشنى بىر نەچچە ئاي داۋام قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىملەرنىڭ جەسەتلىرى قەيەرلەردە قالغانلىقى ۋە كىملەرنىڭ قايسى تۈرمىلەردە ئازابلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆز ئېيتىش قىيىن. بەزى بىر «ئىچكى ماتېرىيال» لاردىكى ئانچە - مۇنچە سۆزلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا خىتايدا بارىن توغرۇلۇق يېزىلمايدۇ، كۆرسىتىلمەيدۇ. مۇخبىرلارمۇ بارالمايدۇ. ۋەتەن ئازات بولغاندا بۇ ھەقتە يازارمىز. ھازىرچە شەھىدلار روھىغا دۇئا قىلىپ، ھايات قالغانلىرىغا ئامانلىق ۋە چىدام تىلەش بىلەن ۋەزىپىمىزنى ئۆتەپ تۇرىمىز...»
بارىندىكى قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلۇپ يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن (90 - يىل 21 - ئاپرېل) جاللات ۋاڭ ئىنماۋ: «بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭ قايتا يۈز بەرمەيدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ. بىز باشقا جايلاردىمۇ يۈز بېرىشى ھەتتا بارىن يېزىسىدىكىدىنمۇ كەڭ دائىرىلىك، خارەكتېرى تېخىمۇ ئېغىرراق يۈز بېرىشى مۇمكىن، دەپ تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك» دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى بايان قىلدى. («تاللانما» 84- بەت) بۇ

ھەقىقەت. مۇستەملىكىچىلىك، ئىستىبدالىق زاۋاللىققا رەسمى يۈز تۇتتى. مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ياللۇنى مۇستەملىكىچىلەرگە تۇشمۇ تۇشتىن تۇتۇشىدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەنە شۇ كۈرەشلەردە ئۆزۈل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن بارىن روھى بىزگە ئۈلگە بولغۇسى.
ۋاڭ ئىنماۋ يەنە: «بارىندا نېمە ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى؟» دەپ سۇئال قويۇپ، ئۆزىلا: «ئاساسى قاتلام پارتىيە رەھبەرلىكى ئاجىز، تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئاجىز بولغانلىقىدىن» دەپ ئاددىغىنا جاۋاب بەردى.
بىز ئۇنىڭغا دەيمىزكى: ياق، سىلەردە تەلىم - تەربىيە يېتىپ ئاشىدۇ. بارىندا خەلقنىڭ ئىنقىلابچىلارغا ئەگىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب شۇكى، 1 - ئۇلارنىڭ ئىشى ھەققانىي ئىش، 2 - سىلەرنىڭ سىياسىتىڭلار ۋەھشىلىكىڭلار چېكىدىن ئاشتى. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشاۋاتقانلارمۇ ئوتتۇرا ئەسىر مۇستەبىتلىكىدىن كېچەلمەيۋاتىسلەر، 3 - 200 يىلدىن بىرى سىلەرگە بويسۇنماي كەلگەن بۇ خەلق ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى، ھەممە ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆز تەقدىرلىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ياخشى چۈشەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بارىندىكى ئىنقىلابقا خەلق تولۇق قوشۇلۇپ كەتتى. سىلەر بارىننى قانغا مىلىۋېتىپ خەلقنىڭ تېخىمۇ غەزەپ -

نەپرتىنى ئاشۇردىڭلار، خالاس. بۇ غەزەپ ـ نەپرەت
سلەرنىڭ ھالاكىتىڭلارنى تېزلىتىدۇ، ئەلۋەتتە.
1997 ـ يىلى 21 ـ يانۋار بىشكەك (قىرغىزىستان)

# بۈگۈنكى بارىن

ئورخۇن ئوغلى

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى باتۇرانە كۈرەش روھى نامايەن قىلىنغان مەشھۇر بارىن ئىنقىلابىنىڭ 6 يىللىق خاتىرە كۈنى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «بىرلىك» ژورنىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلار نامىدىن، كۈرەشچان بارىن خەلقىغە بولغان ئالىي ھۆرمىتىنى ۋە يالقۇنلۇق يۈرەك سالىمىنى ئىزھار قىلىدۇ! ھەممە ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى، ئىمانىنى، ۋىجدانىنى ۋە شان - شەرىپىنى قوغداش يولىدا قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلغان شەھىدلىرىمىزنى، خىتاينىڭ دەھشەتلىك زىندانلىرىغا مەھكۇم بولغان باتۇر ئەزىمەتلىرىمىزنى مەڭگۈ قايغۇ ئىچىدە ياد ئېتىدۇ! شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرىغا جانابى ئاللاھتىن بەخت - سائادەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت تىلەيدۇ!

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇندىن 6 يىل بۇرۇن، يەنى 1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ھايۋان كەبى ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەن قەيسەر بارىن خەلقى مۇستەبىت كوممۇنىست ھۆكۈمىتىگە قارشى

ئوموميۇزلۇك قوزغىلىپ چىققان ئىدى. ئەينى چاغدا كەتمەن ـ گۈرجەك قاتارلىق ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن قوراللانغان جەسۇر بارىن خەلقى، چىش تىرنىقىغىچە زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان فاشىست خىتاي ئارمىيىسى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي زۇلۇمغا تېز پۈكمەيدىغان قەيسەر روھىنى پۈتۈن دۇنياغا نامايەن قىلدى ھەمدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە شانلىق ئۈلگە يارىتىپ بەردى.

گەرچە بۇ ۋەقەگە ئارىدىن 6 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما بارىن روھى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى قاپلاپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى مىللىي كۈرەش تارىختىن بۇيانقى ئەڭ جانلىنىش باسقۇچىغا كىردى. نۆۋەتتە بارىن شەھىدلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە قولغا كەلگەن مىللىي ئويغىنىش روھىنىڭ خۇشپۇراق چېچەكلىرى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى قاپلىدى.

بارىننىڭ بۈگۈنكى قىياپىتى ۋە بارىن خەلقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى جىددىي قىزىقىۋاتقان ۋە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

6 يىل بۇرۇنقى قانلىق قىرغىنچىلىقتا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى فاشىستىك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، سانسىزلىغان مۇنتىزىم ئارمىيىسىنى، ژاندارما ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە ئالقانچىلىك بارىن يېزىسىنى قان كۆلىگە

ئايلاندۇرغان ئىدى. بۇ جەرياندا نەچچە يۈزلىگەن بارىن خەلقى شەھىد بولغان ۋە مىڭلىغان بىگۇناھ خەلق دەھشەتلىك زىندانلارغا تاشلانغان ئىدى. خىتاي فاشىستىك ئارمىيىسى بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي بارىن يېزىسىنى غايەت زور ھەربىي گازارمىغا ئايلاندۇرىۋېلىپ، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش» باھانىسىدا، ئۇچۇرغانلا يەرنى دەسسەپ - چەيلەپ، ئۇرۇپ - تۇزلەپ، بارىن يېزىسىنى بىر خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان ۋە پۈتۈن يېزىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن 1990 - يىلىغا قەدەر كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 200 يۈەندىن (20 دوللار) ئاشماي كەلگەن نامرات بارىن خەلقى تېخىمۇ ئېغىر ئاچ - يالىڭاچلىق خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تەل - تۆكۈس تازىلاش» باھانىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى پۈتۈن ھەربىي قىسىملىرىنى، ژاندارما - ساقچىلىرىنى ۋە يېزا ئىگىلىك 1-،2 -، 3 -، 5 -، ۋە 6 - دىۋىزىيىلىردىكى خىتاي خەلق ئەسكەرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ئاقسۇ، ئاتۇش، كاشغەر، خوتەن رايونلىرىنى قاتتىق مۇھاسىرە ئاستىغا ئالدى ھەمدە بۇ رايۇنلاردا ئومومىيۈزلۈك «بارىن ئەكسىلئىنقىلابچىلىرىنى قوغلاپ

تۇتـۇش» ھەرىكتـى ئېلـىپ بـاردى. بـارىن يېزىـسىغا قاراشلىق ئـاقتۇ ناھىيـىسگە تۇتـىشـدىغان پۈتـۈن يـول ـ ئېغىزلارغا توساق قۇرۇپ، بارىن يېزىسىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ جەرياندا خىتاي قىسىملىرى ۋە ساقچىلىرىنىڭ قالايمىقان ئادەم تۇتىشى ئەۋج ئېلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئېغىر ھالدا ئاياق ـ ئاستى قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋوز قىلمىشى تاكى ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بەزى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بارىن ئىنقىلابى يۈز بەرگەندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە، بارىن يېزىسىدا ۋە كاشغەر ۋىلايىتىگە تەۋە كاشغەر يېڭى شەھەر، كاشغەر كونا شەھەر، يېڭىسار، مەكىت، پەيزاۋات، يۇپۇرغا، مارالبېشى، ياركەند، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كىشى، «بارىن ئەكسىلئىنقىلابى ھەرىكىتىگە قاتناشقان، ياردەم بەرگەن، ھېسداشلىق قىلغان، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يۇشۇرۇپ قويغان» دېگەندەك ئوخشاش تۈرلۈك بەدنامىلار بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلانغان. بۇلاردىن 200 دىن ئارتۇق كىشىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان. ئەمدى بارىن يېزىسىنىڭ ئۆزگە كەلسەك، خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خىتاي ھۆكۈمىتى بارىن يېزىسىنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاش ۋە «بارىن» دېگەن بۇ مۇبارەك

كەلىمنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ئۇنتۇلدۇرۇش غەرىزىدە، تاكى يېقىنقى يىللارغىچە ھۆكۈمەتكە تەۋە رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللاردا بارىن ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر - ئۇچۇر بەرمەي كەلگەن ئىدى. ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بارىنغا ۋە بارىن خەلقىغە بولغان ھۆرمەت ۋە سېغىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ستىراتىگىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ بارىن خەلقىگە قىلغان «مېھرى - شاپائەتلىرى» نى ھەدەپ تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. شەرقىي تۈركىستان قورچاق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ چوڭ تەشۋىقات ئورگىنى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1995 - يىلى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 1- بېتىگە، «بارىن يېزىسىدا 500 دېھقان پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى يازدى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىنىڭ باش قىسمىدا، كومپارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بارىن خەلقىگە قىلغان «غەمخورلۇقلىرى» ۋە «شاپائەتلىرى» ئۈستىدە توختىلىپ ئەينەن مۇنداق دېيىلگەن:
«يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ۋە ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكوم، بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، بۇ يېزىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم ئىشلار تەركىۋىگە قويۇپ، يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىك

بەنزىسىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، يېڭى نۆۋەتلىك يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاپ چىقتى، ئىدىيىسى ياخشى، رەزىل كۈچلەر بىلەن يۈرەكلىك كۈرەش قىلالايدىغان بىر تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرىنى يېزا كەنت بەنزىلىرىگە كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ئەسكەرلىرى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئامانلىقنى ساقلاش قاتارلىق تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سالدى ۋە قايتا قۇردى. بۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ۋە كادىرلار قوشۇنىنى كۈچەيتتى. يېزىلىق پارتكوم پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. پارتىيە ئەزالىرى ئائىلىلەر بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش تۈزۈمىنى ئورناتتى، يېزىدىكى 389 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى قايتىدىن تىزىملاپ چىقتى.»
بۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا يەنە، ھۆكۈمەت بارىن يېزىسىنىڭ كوممونىستىك پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېزىغا قاراشلىق 14 كەنتنىڭ ھەممىسىدە «پارتىيە ئۆيى» قۇرغان، دېھقانلارغا قارىتىلغان سوتسيالىستىك ئىدىيىۋى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يېزىدىكى 90 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئائىلىگە رادىئو كانىيى بېكىتىپ،

ھەر كۈنى ئىزچىل تۈردە دېھقانلارغا قارىتا كوممۇنىزم تەربىيىسى ئېلىپ بارغان.
بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئەينەن مۇنداق دېيىلگەن: «يېزىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ روھى قىياپىتىدە ئۆزگىرىش چوڭ بولدى، ئۇلار باشلامچىلىق بىلەن ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ، قانۇنغا رىئايە قىلدى، باشلامچىلىق بىلەن توختام بويىچە ئاشلىق، پاختا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — بارىن يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن يىلمۇ يىل مولھوسۇل ئېلىشىغا تۈرتكە بولدى. يېزا يويىچە ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 550 يۈەنگە (تەخمىنەن 60 دوللار) يېتىپ، 1993 ـ يىلدىكىدىن 143 يۈەن ئاشتى.»
«شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغان بۇ ماقالىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بارىن يېزىسىنىڭ ۋە بارىن خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىچىنىشلىق قىياپىتى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. دېمەك، مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمىتى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بارىن خەلقىنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچلىق ھالىتىگە قىلچە پىسەنت قىلماي، پۈتۈن كۈچىنى بارىن دېھقانلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى زەھەرلەشكە، روھى دۇنياسىنى زەئىپلىتىشكە قاراتقان. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ مۇقەددەس تۇپراقنى غايەت زور كوممۇنىستىك

پارتىيە مەكتىۋىگە ئايلاندۇرىۋىلىپ، بارىن خەلقىغە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئىدېئولوگىيە ئۇرۇشى ئېلىپ بارغان. بۇندىن باشقا يەنە ئۆزىنىڭ سادىق غالچىلىرىنى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى پۈتۈن بارىن يېزىسىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ئۇرۇنلاشتۇرۇپ، بارىن خەلقىنى قاتتىق سىياسىي نازارەت ئاستىغا ئالغان. ماھىيەتتە بولسا، بارىن يېزىسىنى ئەڭ چوڭ ئۈستى ئوچۇق سىياسىي تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە قىلچە نومۇس قىلماي، بارىن خەلقىنىڭ ھازىرقى ئەمگەك كۈچىگە توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمنى 60 دوللار قىلىپ كۆرسەتكەن ھەمدە بۇنى ئۆزلىرىنىڭ بارىن خەلقىغە قىلغان ئەڭ چوڭ «شاپائىتى» دەپ بايان قىلغان. ھازىر دۇنيانىڭ ئەڭ نامرات رايونىدىمۇ بارىن خەلقىدەك پەۋقۇلئاددە تۆۋەن كىرىم بىلەن ياشاۋاتقان ئىنسانلارنى تېپىش قېيىن بولسا كېرەك. دۇنيادىكى بارلىق يەر ئاستى - يەر ئۈستى تەبىئىي بايلىقلارغا ساھىب بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق قىياپىتىدىن بىز خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەھىمسىز ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرىۋالالايمىز!

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى ۋاقىتتىن بۇيان تۇيۇقسىز كۈچەيتىشكە باشلىغان بارىن ھەققىدىكى تەشۋىقاتلىرىدىن شۇ نوقتىنى ئېنىق

چۈشــىنىۋېلىش مــۇمكىنكى، خىتــاي ھۆكــۈمىتى ئــۆز تەشۋىقاتلىرىدا بارىن دېھقانلىرىنىڭ «كوممۇنىستىك ئاڭ ـ سەۋىيەسى» نىـڭ ئۆزلۈكـسىز «كۈچىيىۋاتقـانلىقىنى» ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىشنى «ئـاكتىپلىق» بىـلەن ئىلتىمــاس قىلىۋاتقــانلىقىنى بايــان قىلىــش ئــارقىلىق، بارىنىنىڭ ۋە بارىن خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقـى ئارىـسىدىكى ئـوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشـكە ۋە بارىنىنـىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇنغان. ئەمما، مەككـار خىتــاي ھۆكۈمىتىنــىڭ بــارلىق ئۇرۇنۇشــلىرى پۈتــۈنلەي بىكارغا كەتتى، ئەكسىچە بـارىن روھـى تېخىمـۇ گـۈللەپ ياشناپ، پۈتـۈن شـەرقىي تۈركـستان خەلقىنـىڭ مىللـىي زۇلۇمغا ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كـۈرەش قىلىـش قىبلىنامىسىگە ئايلاندى.

نــۆۋەتتە، شـــەرقىي تۈركـــستانىنىڭ ھەممـــىلا يېرىـــدە ياڭقۇنجاشــقا باشــلىغان كــۈرەش ئۇچقــۇنلىرى بــارىن شـــەھىدلىرىنىڭ قېنىنـــىڭ بىكارغـــا ئاقمىغـــانلىقىنى، مىللەتنىــڭ ھەم ۋەتەنىنــىڭ ھــۆر ـ ئــازاتلىقى ئۈچــۈن بــارلىقىنى پىــدا قىلغــان غــازى ۋە شـــەھىدلىرىمىزنى خەلقىمىزنىــڭ مەڭگــۈ يــاد ئېتىــدىغانلىقىنى تولــۇق ئىسپاتلىدى.

بارىن روھىنى ياشىنىتىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ھەر بىر شەرقىي تۈركستانلىقنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. شۇنداقلا تارىخى ۋەزىپىسى!

شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، كۈرەشچان، قەيسەر شەرقىي تۈركىستان خەلقى چوقۇم يەنە مىڭلىغان «بارىن» لارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە ئاخىرىدا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى بىر پۈتۈن بارىنغا ئايلاندۇرىدۇ!

جانابى ئاللاھ تائالا بارىن شەھىدلىرىنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن، ئامىن!

## بارىن ۋەقەسى

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» ۋەقەسى
(1990 ـ يىل 10 ـ ئاي كاشغەر)

نىزامىددىن ھۈسەيىن

بارىن ـ ئەسلى نامى (كونا قورغان). ئاقتۇ بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، يېزا مەركىزى ناھىيە بازىرىدىن 17 كىلومېتىر يىراق. يەر مەيدانى 1087 كۇۋادىرات كىلومېتىر (ھازىرقى پوسكام ناھىيىسىدىن 9 ـ كۇۋادىرات كىلومېتىرلا كىچىك) 1990 ـ يىلىقى نوپۇسى 19 مىڭ 650. ھەممىسىلا دېگۈدەك ئۇيغۇر، قىرغىز. 1954 ـ يىلى يىگىسارىدىن ئاقتۇغا بۆلۈپ بېرىلگەن. 1959 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىلىغىچە بۇ يۇرتنىڭ خەلقى بىر گۆشى، 14 دادۈي، 63 شىياۋدۈيگە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ «خەلق گۈڭشىسىنىڭ ئەۋزەللىكى» بىلەن نورمىلىق يەپ، نومۇرغا ئىشلەپ «دارامەت» ئېلىپ پۇقرادارچىلىق تىرىكچىلىكىنى ئۆتكۈزۈپ كېلىشكەن. 1982 ـ يىلىغىچە بۇ گۈڭشى تەۋەسىدە گۈڭشى، دادۈي، شىياۋدۈى (3 دەرىجە) بويىچە 435 (3 دەرىجىلىك) كادىر، 52 پارتىيە ئەزاسى، 103 ئىتتىپاق ئەزاسى، 250 «خەلق ئەسكىرى» (مىن بىڭ) بۇ يۇرتنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق «ئازات»لىقىنى تەمىن قىلىپ تۇرغان. بىر

دادۋي، 14 داڭجىزبىۋ، بىر گوڭشى مەھكىمىسى، 14 دادۋي مەھكىمىسى، 63 شياۋدۋي ئىشخانىسى، گوڭشى مەركىزىدە ناھىيىگە قاراشلىق 18 ئورگان بىر ساقچى بۆلۈمى (پەيچوسو) خەلق ئۈچۈن «خىزمەت ئىشلەپ» تۇرغان. 1982 - يىلى بۇ يەردە «گوڭشى» تۈزۈمى ئەمەلدىن قېلىپ «يېزا» تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. يېزىنىڭ 69 پىرسەنت بايلىق نىگىزى هۆكۈمەت، گوڭشى، دۈي كادىرلىرى ئىلكىدە. خەلق ئاساسەن كەمبەغەل. قۇتقۇزۇش ئالىدىغان نامراتلار « 5 تە كاپالەت ئائىلىسى» 102 (401 - نوپۇس.) يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 82 - يىلىغىچە 180 يۈەندىن ئېشىپ باقمىغان. خەلقنىڭ «گوڭشى»لىشىپ ياشىغان «ئازات» دەۋرى توغرىسىدا توقۇغان قوشاقلىرى ئىچىدە مۇنداق بىر قوشاقمۇ بار:

بىزنىڭ يۇرتنىڭ باللىرى ھەر نېمە دەيدۇ،
30 جىڭنى 60 ئۆلچەپ «تويغۇچە» يەيدۇ.
ئايەت قىلىپ، كىتاب قىلىپ بىر ئوقۇغاننى،
تەكرارلىساق، تەكرارلىساق پايدا بولمايدۇ.

بارىنلىقنىڭ بۇ قوشىقى ئۇلار ياشىغان «گوڭشى زامانىسى» نىڭ ئەڭ ئىخچام تەسۋىرىدۇر.

بۇ يېزىدا 1990 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەشھۇر «بارىن ۋەقەسى» يەنى ھۆكۈمەت تىلى بىلەن ئاتىغاندا «بارىن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ» ۋەقەسى يۈز بەردى.

ۋەقەنىڭ ئومۇمى جەريانى ۋە ئاقىۋىتى توغرىسىدا
ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان ئىچكى ھۆججەت، نۇتۇقلاردىن،
ئۆزەم بىۋاستە ئىزدىنىپ ئىگەللىگەن مەنبەلەردىن
پايدىلىنىپ تۆۋەندىكىچە ئەسلىمە يازىمەن:
بۇ ۋەقە ھەققىدە سۇڭ خەنلياڭ شۇجى مۇنداق مەلۇمات
بېرىدۇ:
بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق
توپىلاڭ بىر بۆلۈم ئەكسىيەتچى كىشىلەر تەرىپىدىن
تەشكىللىك، پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا قوزغىتىلغان.
مەقسىدى: كومپارتىيىنى ئاغدۇرۇپ ئورنىغا شەرقىي
تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش. مۇشۇ مەقسەت
يولىدا ئۇلار بۇ يېزىدا 1989 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەزا قوبۇل
قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»نى
رەسمى قورغان. بۇ «پارتىيە»نىڭ دەسلەپكى يادرولۇق
(رەھبەرلىك) كۈچى 8 تاپانچا كۈچى 10 كىشىدىن
ئىبارەت. 1990 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بۇ «پارتىيە» جامال
مۇھەممەدنىڭ ئۆيىدە 1 ـ قېتىم «پارتىيە يىغىنى» ئېچىپ
خىزمەتلەرنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ
ئورۇنلاشتۇرغان. 1990 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا «ساي
مەسجىد» تە 2 ـ قېتىم يىغىن ئاچقان. 3 ئاينىڭ 15 ـ
كۈنى مەختە قۇشماقنىڭ ئۆيىدە 3 ـ قېتىم يىغىن
ئېچىپ قورال- ياراق، ئوق ـ دورا تەييارلاش، پىچاق، ئاق
چوخەي، ئاق رەختلەرنى سېتىۋېلىش (ئاق چوخەي
شۇلارنىڭ بەلگىسى ئىمىش) مەسلىسى بىلەن ئىنتىزام

مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان. «مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش كېرەك. كىم مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويسا ئۇنى پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك......» دەپ بەلگىلىگەن. 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ساي مەسجىد» تە 4 - قېتىم يىغىن ئېچىپ قوراللىق توپىلاڭنىڭ كۈنكرېت تەشكىلى ۋە ئىش تەقسىماتىنى مۇھاكىمە قىلىپ، شەخسلەر بويىچە ئېنىق ۋەزىپە تەقسىم قىلىنغان. تەشكىلات باشلىقى زەيدۇن يۈسۈپ بۇ يىغىندا «.... ناۋادا مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام ئابدۇغەنى تۇرسۇن داۋاملىق قوماندانلىق قىلىدۇ....» دەپ ئالاھىدە تەۋسىيە بايان قىلغان.

تەشكىلات يېتەكچىلىرىنىڭ كۈنكرېت ئىش تەقسىماتى تۆۋەندىكىچە:

1 - باش قوماندان - زەيدۇن يۈسۈپ (زەيدۇن قارى) 26 ياش. بارىن كەنتىدىن، دېھقان. ئىلگىرى 2 قېتىم كاشغەردە مەدرىستە ئوقۇغان. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قاغىلىق، خوتەنلەردە بىر مەزگىل سەرگەدان بولغان. 1989 - يىلىدىن كېيىن بارىن يېزىسىدا «شەرقىي تۈركستان ئىسلام پارتىيىسى» قۇرۇشقا كىرىشكەن. ئەزا قوبۇل قىلغان. قورال - ياراق تەييارلىغان. قاغىلىقلىق قاتىل، ئەكسىلئىنقىلابچى ئوبۇلقاسىم بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ بارىن يېزىسىدا زوراۋانلارنى تەربىيىلىگەن. بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان. بىز تەرەپتىن توپىلاڭ ئۈستىدە ئېتىپ تاشلانغان.

2 ـ مۇئـاۋىن بـاش قومانــدان ـ ئابــدۇغەنى تۇرســۇن قوشۇمچە مالىيە باشلىقى، تۇتۇلمىغان.
3 ـ جامـال مـۇھەممەد 28 ـ يـاش، بـارىنلىق دىھقـان. ھەرىكەتنىـڭ 3 ـ دەرىجىلىـك باشـلىقى. 89 ـ يىـل 12 ـ ئاينىــڭ 15 ـ كــۈنى «شــەرقىي تۈركــستان ئىــسلام پارتىيىسى»گە كىرگەن. توپىلاڭنى پىلانلىغان. ھەربىـي جەھەتتىن قومانـدانلىق قىلىـشقا مەسـئۇل بولغـان. پائـال خىــراجەت توپلىغــان. 89 ـ يىــل 8 ـ ئاينىــڭ ئاخىرىــدا ئويتــاغ ســمونت زاۋۇتــدىن كاپــسۇل، پــارتلاتقۇچ دورا سېتىۋالغان. 90 ـ يىل 2 ـ ئايدا كاشغەردىكى بىـر يەكـكە تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىغـا يەرلىـك ئۇسـۇل بىـلەن 200 دانە گىرانـات ياسـاپ بېرىـشنى زاكـاز قىلغـان ھەم ياســتىپ بارىنغا ئۆزى ئەكەلگەن. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئـۆزى 100 گىرانات ياسىغان. سوقوشتا قولغا چۈشكەن.
4 ـ ئىسهاق ھۇشۇر. ھەرىكەتنىڭ ئارقا سـەپ قومانـدانى. ھەرىـكەت ئۈچـۈن ئاكتىـپ كـۈچىگەن. قاچقـان يېرىــدە ئېتىۋېتىلگەن. يېنىدىن 4000 يۈەن پۇل چىققان.
5 ـ ئابــدۇرەھىم تــۇردى. خەۋەرلىــشىش، ئالاقىلىــشىش ئىـشلىرىغا، يەرلىـك ئۇسـۇلدا گىرانـات ياساشـقا مەسـئۇل بولغان. قولغا چۈشكەن.
6ـ مـۇھەممەد تـۇردى. قاتنـاش قورالىرىغـا، ئـات ـ ئـۇلاغ سېتىۋىلىشقا مەسئۇل، قارشىلىق ئۈستىدە ئېتىۋېتىلگەن.

7ـ ئەھەد تىلىۋالـدى. قورالـلىـق تـوپىلاڭ 1 ـ شـتاۋىنىڭ قوماندانى. قورال بۇلاپ، جەڭچىلەر ئۇرۇشىغا قاتناشـقان. قارشىلىق ئۈستىدە قولغا چۈشكەن.
8 ـ تۇرغۇن ئىسھاق. توپىلاڭ 2 ـ شتاۋىنىڭ قومانـدانى. قارشىلىق ئۈستىدە قولغا چۈشكەن.
9ـ مـۇھەممەد تۇرسـۇن. 23 يـاش پىلانلىــق تايــانچى ئۇنــسۇر. ئىلگــىرى ھۆكــۈمەتتىن رەزبە يــېگەن. بــۇ «پــارتىيە»گە كىرگەنــدىن كېــيىن نۇرغــۇن قېــتىم ئەكـسىيەتچىل تەشـۋىق ۋاراقلىـرى تارقاتقـان. تـوپىلاڭ ئۈستىدە بىر پىلىمۇت، بىـر تاپانچـا، بىـر يـۈرۈش سـاقچى كىيىمى بۇلىۋېلىـپ جەڭچىلەرنـى قـاتتىق ئوقغا تۇتقـان. قارشىلىق ئۈستىدە ئوق تېگىپ ئۆلگەن.
10 ـ سىدىق ھاجى ئىـسھاق 26 يـاش، بـارىن سـايباغلىق تايـانچى ئۇنـسۇر. 1990 ـ يىلـى 3 ـ ئاينـىڭ 26 ـ كـۈنى «شـەرقىي تۈركـىستان ئىـسلام پارتىيىـسى»گە كـىرگەن. ھۆكـۈمەت سـاقچىلىرىنىڭ بىـر پىلىمـوتىنى تارتىۋالغـان. يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا 3 گىرانات ئاتقان. قورالـلىـق سـاقچى قىــسىم جەڭچىلىرىنــى تۇتۇۋېلىــپ، ئــۇرۇپ قىيىنغان. بىر پىلىمۇت، بىر گىرانات بىلەن 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۆيىدە قولغا چۈشكەن.
11 ـ ئابدۇللاھ قاسىم 30 ياش، بارىن قوغاندىن. 1990 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بۇ «پارتىيە»گە قاتناشـقان. كۆزەتچىلىـك قىلغـان. بىــر نەچــچە قېــتىم ھۆكــۈمەت قىــسمىلىرىنىڭ ماشــىنىلىق كىــشىلىرىگە توســۇپ زەربە

بەرگەن. ساقچىلارنىڭ بىر تاپانچىسىنى تارتىۋالغان 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قارشىلىق ئۈستىدە بىر تاپانچا بىلەن قولغا چۈشكەن.....»
«.... بۇ پارتىيىنىڭ ئەزالىرى ھەرىكەت راسخوتى ئۈچۈن 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە 11 كۈن ئىچىدىلا بارىن تەۋەسىدىكى 4 كەنتتىن 15 تاغار ئاشلىق يىغقان. 13 مىڭ يۈەن پۇل توپلاپ، قىلىچ، پارتلاتقۇچ دورىسى، گىرانات، بومبا سېتىۋالغان، ياساتقان. 4 ئات، بىر موتۇسىكلىت سېتىۋالغان...»
بىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ھۆكۈمەتكە پاش بولۇپ قالغان. (بىر قىسىم مەخپىي خىزمەتچىلەر پاش قىلغان ئەلۋەتتە.) ئاقتۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇن بۇ يىغىنغا دەرھال كېلىپ يىغىن ئېچىپ، ئۇلاردىن بۇ ھەرىكەتنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان ھەم ھەرىكەتنى ئاممىغا (جەمئىيەتكە) ئاشكارىلىغان. شۇ چاغدا بۇ يىغىنغا قاتنىشۋاتقان قىزىل كەنتنىڭ بوغالتىرى بۇ «پارتىيە» ئەزاسى ئىيسا موللا ئورنىدىن دەرھال قارشى چىقىپ «بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە چۈشلۇق تەييالىقىمىز بار. بىز پۇشايمان قىلمايمىز... ئاخىرقى غەلىبە بىزنىڭ بولىدۇ.... دېگەن» ھەرىكەت ھۆكۈمەتكە پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىسيانچىلار ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى دەرھال سېزىپ تېزلىك بىلەن 30 كىشى جەملىشىپ يېزىلىق ساقچى بۆلۈمى (پەيچوسو) دىكى

ھېلىم ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا «جىم تۇرۇش» تەھدىدى سالغان. ئاخشىمى يەنە بىر 30 كىشىلىك گۇرۇپپا چېكى كەنتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش باشلىقى ئىيسا روزىغا تەھدىت سېلىپ «ھوشۇڭنى تاپ»، «تووۋا قىل» دېگەن. لېكىن چېقىلمىغان. بۇ ئەھۋاللارنى مۇئاۋىن شۇجى تۇرسۇن بىلەن ناھىيىلىك ساقچى باشلىقى ئابابەكرى ئاڭلاپ دەرھال چېكى كەنتىگە كەلگەن. مەسجىدكە يىغىلغان 200 نەچچە كىشىگە بۇيرۇق ئاھاڭىدا سۆزلەپ «پارتىيە سىياستى» نى تەشۋىق قىلغان. مەسجىد جامائىتى دەرھاللا: «بىزگە ئۇن سېلەرنىڭ يۈز خاتىرەڭلەرنى قىلىپ چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويايلى، ئەتە خەنزۇ كادىرلار كېلىپ باقسۇن قېنى قانداق قىلىدىكەنمىز...» دېيىشكەن. 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دە ئەكسىيەتچىلەردىن 200 نەچچە ئادەم قوللىرىغا چىراق ئېلىپ تەكشى قەدەم تاشلاپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپ «غازات» قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قاراپ يولغا چىققان. يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدا ئەتىگەنلىك بامدات نامىزى ئوقۇغان. نامازدىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە مۇنۇ تەلەپلەرنى قويغان: «... ھەر قانداق ھۆكۈمەت ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرنى ئاتىدۇ. يېزىمىزدا 250 ئايالنىڭ بالىسى چۈشۈرۈۋېتىلدى. (1989 - يىلى بىر يىللىق ساناق) بۇنداق قىلىش قاتىللىق ھېسابلىنامدۇ؟ ھېسابلانمامدۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئېتىلمايدۇ؟.... ئىچكىرىدىن ئۈرۈمچىگە ھەر 15 مىنۇتتا بىر پويىز كېلىپ تۇرىدىكەن، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇكەن، بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇڭلار دېگەندىن كۆرە خەنزۇلارنى كەلتۈرمىسە بولمامدۇ...؟ بىز كۆرەش قىلىپ خەنزۇلارنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىشىمىز كېرەك.... پىلانلىق تۇغۇت ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن. شىنجاڭغا خەنزۇ كۆچۈرۈش توختىتىلسۇن. خەلقىمىز ئۈستىدىكى سىياسىي مەجبۇرىيەت يەڭگىللىتىلسۇن. چۈنكى خەنزۇچىلىق تۈگىتىلسۇن، دېموكراتىيىگە يول قويۇلسۇن.... ئىزىشكە، يۇتۇۋېلىشقا، خورلۇققا قارشى تۇرىمىز...»

تۇرسۇن شۈجى ۋەقەنىڭ جىددىيلىكىنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىسى نيوبىڭ شىنغا تېلېفوندا جىددى دوكلات قىلىپ: دەرھال قورالىق كۈچلەرنى ئەۋەتىپ بېسىقتۇرۇش چارىسى كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان: «خەنزۇ كادىرلار كەلمەي تۇرسۇن» دېگەن خوشامەت تەكلىۋىنىمۇ بەرگەن. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئوبلاست بىلەن ناھىيە بۇ يەرگە 60 كادىر ئەۋەتىدىكەن. چۈشتىن كېيىن سائەت 6 دە ئوبلاستىن ئەۋەتىلگەن مۇنتىزىم قورالىق 62 ھەربىي، ساقچى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن. ئارقىدىن كەچ سائەت 9 دا كاشغەر شەھرىدىن 130 مۇنتىزىم قورالىق ھەربىي بۇ يەرگە ئۆتكەن. ئىسيانچىلار بىلەن ھۆكۈمەت كۈچلىرى

ئۇتتۇرىسىدا قاتتىق ھەرىبىي ئېلىشىش، تۇتۇشۇش، مۇشلىشىش باشلىنىپ كەتكەن. ئىسيانچىلار باستۇرۇشقا كەلگەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ بىر ئاپتوۋۇزىنىڭ ئەينەكلىرىنى چېقىۋەتكەن. 14 ھەربىينى ئۇرۇپ يارىدار قىلغان. ھۆكۈمەت كۈچلىرىمۇ ئۇلاردىن 19 كىشىنى تۇتۇۋالغان. سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئوبلاست، ناھىيە ھەربىي كۈچلىرىدىن يەنە 200 قوراللىق كۈچ بۇ يەرگە كەلگەن. شۇنداق قىلىپ سىرتتىن كەلگەن باستۇرۇش كۈچلىرى 500 دىن ئېشىپ كەتكەن. زەيدۇن يۈسۈپنى تۇتۇشقا بويرۇلغان 5 ئەسكەر ئىسيانچىلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان ھەم ئۇلاردىكى 5 تاپانچا، بىر سۆزلىشىش ئاپپاراتى، بىر توك كالتىكى، بىر كويزا، بەش كىشىلىك ساقچى كىيىمى تارتىۋېلىنغان. شۇ كۈنى كەچ سائەت 11 دە بۇ يېزىغا تەكشۈرۈپ كېلىۋاتقان 4 خەنزۇ ھەربىي ئەمەلدار (شۇشىن جيەن، ۋاڭ جىڭ پىڭ، گوشوۋىن، ليۇ جەنخۇي) ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ 4 تاپانچىسى تارتىۋېلىنغان. ئارقىدىنلا كاشغەر قوراللىق ساقچى قىسىم 6 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەلى ياسىن، بەنجاڭ ۋۇيۇڭ، مۇئاۋىن بەنجاڭ تيەن سوڭچىن ۋە ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ شوپۇرى ئادىل قاتارلىقلارنى ماشىنا بىلەن تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئۇرغان. پىكاپنى پارتلىتىپ تاشلىغان. 3 ئاپتومات، بىر تاپانچا، 400 تال ئوقنى تارتىۋېلىپ بەنجاڭ ۋۇيۇڭ بىلەن تيەن سوڭچىننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 4

ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سائەت نۆلدە ئىسيانچىلار ھۆكۈمەتتىن ئۆزئارا ئەسىر ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن ۋەكىل ئەۋەتمىگەن ھەم ئىسيان قىلغان يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنىدىن چېكىنمىگەن.
سائەت 3 تىن 59 مىنۇت ئۆتكەندە ئىسيانچىلار ئوبلاست، ناھىيە مىللىي باشلىقلىرىنى ئۆز ئارىلىرىغا سۆھبەت ئۈچۈن كېلىشكە تەكلىپ قىلغان، ئۇلارنىڭ مەقسىدى ئۇلارنى ئەسىرگە تۇتۇش بولغىنى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان. سائەت 4 تىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە بۇ يەرگە بۇ ھەرىكەتنى باستۇرۇشقا توپلانغان 4000 دىن ئارتۇق خىللانغان قوراللىق كۈچ ئىسيانچىلارنى براقلا شىددەتلىك باستۇرۇش ھۈجۈمىنى باشلىغان. زەيدۇن يۈسۈپ سوقۇشتا ئۆلگەن. ئىسيانچىلار ھەرىكەتتىن تۇختىمىغان. جەڭ جىددىيلەشكەن. سائەت 6 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى ئەزىز ھېيت قوراللىق ساقچى قىسىم 6 ـ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ جەڭچىلىرىنى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق چېگرا مۇداپىئە قىسمى تارماق ئەترىتىنىڭ بىر بۆلۈم جەڭچىلىرىنى باشلاپ بۇ يەردىكى قوراللىق ھۆكۈمەت كۈچلىرىگە ياردەمگە كەلگەن. قاتتىق سوقۇشۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە يېقىنلاشقان. جەڭدە كاشغەر قوراللىق ساقچى قىسىم 2 ـ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن يېتەكچىسى ھاشىمنىڭ پۇتىغا ئوق تەككەن، يەنە بىر

جەڭچى يارـدار بولغـان. سـائەت 5 تە جەنـۇبى شـىنجاڭ
ھەربىي رايونـدىكى كوماندىر، ئەسكەرلەر، بىڭتۈەننىـڭ 3
- شىسىدىكى كوچىلەرنىڭ تاللانغان كـوچلىرى، كاشـغەر،
قىزىلسۇدىكى ساقچى، ئەسكەر، خەلـق پىدائىلىرىـدىن 15
مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق كۈچ، ھاۋا ئـارمىيە قىـسملىرى،
تـــوپچى قـــسىم جەڭچىلىرىـــدىن يەنە 3000 كـــشى
بىرلىشىپ «بارىنغا ھەربىي يۈرۈش» قىلغان. سائەت 9 دا
قومانـدانلىق شـتابى پوتـون قىـسملارغا ئومـۇمى يۈزلـۈك
ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرىقى چۈشـۈرگەن. پوتـون نـاھىيەگە
ھەربىي ھـالەت ئـېلان قىلىنغـان. يـوللار قامـال قىلىنىـپ
خەۋپلىـــك تەھـــدىت ۋەزىيىتـــى شـــەكىللەندۈرۈلگەن.
خەلقـكە نـسبەتەن جىـم تـۇرۇش (يـۈرۈش - تۇرۇشـتىن
توختـاش) رىژىمـى چىگىـلىغـان. پوتـون بـارىن ئـۆي -
ئۆيلەر بـويىچە ھەربىـي قورشـاۋ ئىچىـدە، ئەجەل ھەر بىـر
كـىشىنىڭ تومـشۇقىدا بولـۇپ قالغـان. قـاتتىق قورالـلىق
باستۇرۇش، باستۇرۇشقا قارشى تۇرۇش جىڭى باشلانغان.
نەتىجىدە نەخ شۇ كۈنىلا تەشـكىلات ئەزالىرىـدىن 6 سـى،
خەلقتىن 42 سى ئۆلتـۈرۈلگەن. 100 دىـن ئـارتۇق خەلـق
يارىـــدار. 93 كـــشى يېنىـــك يارىـــدار قىلىنغـــان.
ئىـسيانچىلارنىڭ بىـر قىـسمى قېچىـپ كەتـكەن. چـوڭ
كۆلەملىك تۇتۇش، ئۇرۇش، باغلاش، ئاختۇرۇش ئەۋجىگە
چىققان. 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشـتىن بـۇرۇن قېچىـپ
يۈرگەن 30 ئىسيانچى تۇتۇلغـان. 4 - ئاينىـڭ 10 كـۈنى
ئەتتىگەن سائەت 3 يېرىمغىچە جىـددى قـوغلاپ تۇتـۇش

ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلۈپ توپىلاڭچىلاردىن يەنە 59 كىشى سوقۇش ئۈستىدە ئۆلگەن. 7 كىشى ئېغىر ياردار ھالدا تۇتۇلغان. ئۈركۈپ يۈرگەن خەلقتىن 200 نەچچىسى تۇتۇۋېلىنغان. دېمەك، ئىسيان باستۇرۇلغان. سىياسىي جەھەتتىن بىر - بىرلەپ قولغا چۈشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان. بۇ ھەقتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ باش شۇجىسى سوڭ خەنلياڭ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قېتىمقى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىشتا باشتىن - ئاخىر پارتىيە مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدۇق. توپىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن مەركەزدىكى باش شۇجى جياڭ زېمىن، زۇڭلى لى فىڭ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇخۇاچىڭ قاتارلىق رەھبەرلەر بۇ قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. توپىلاڭنى تىنجىتىش ھالقىلىق پەيتتە ۋە توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئىشخانىسىدىكى يولداشلار ئارقىلىق ياكى ئۆزلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ قوماندانلىق شتابىغا كۆپ قېتىم تېلېفون بېرىپ ئەھۋاللارنى سوراپ بىزدىن مەركەزنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك قىيىنچىلىقلار بارمۇ دەپ سوراپ تۇردى ھەم توپىلاڭنى تىنجىتىش خىزمىتىگە ئىنتايىن مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ تۇردى. بىزگە ھال سوراش تېلېگراممىسى

ئەۋەتتــــى... مەركەز يەنە قورallــق ســاقچى قــسم

سۆزلىشىش ئاپپاراتتى، نۇرغۇن ئوق بولاپ كېتىلگەن.
چوڭ - كىچىك 4 ئاپتوموبىل چېقىپ تاشلانغان....
توپىلاڭچىلاردىن 15 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.
بۇ ھەرىكەتتە ھۆكۈمەتكە سادىق ياخشى خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ئادەتتىكى ئەسكەر - كادىر، خەلقلەردىن غەنى توختى، يۈسۈپ ئەلى، ئەنۋەر، قۇربان ئەمەت، ئادىل، كامىل ھەبىبۇللاھ، تۇرسۇن ئابباس، يالقۇن ھاشىم، ئامانگۈل، ئاباخان سۇلايمان، ھارىز مۇسا ھاجى، يېڭىسار لوميا يېزىسىنىڭ باشلىقى ئابباس... لارنى ئالاھىدە ئەسلەپ قويۇشقا بولىدۇ. ئابدۇلكەرىم ئىسيانغا قاتناشقان ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ ئاپىرىپ بەردى. قاچقانلارنى قوغلاپ تۇتۇش قوماندانلىرىنىڭ بىرى مۇھەممەد ئەلى بىلەن بۇ ئىشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئاقتۇ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابابەكرى ئوسمانلار يۇقىرىدىن (مەركەزدىن) ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىك مۇكاپاتى ئالىدۇ. بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇشقا كاشغەر، قىزىلسۇ رايونلىرى يوپىچە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىپ تەقدىرلەنگەن 120 كىشىنىڭ 57.5 پىرسەنتى مۇسۇلمان مىللىيلاردىن ئىبارەت بولىدى. نۇرغۇن كىشلەر بۇ پەيتتە ئۆستى ۋە چۈشتى.
1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىۋارەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تۇتۇۋالغان «بارىن ئەكسلئىنقلابىي توپىلاڭچىلىرى» دىن تۆت ئورۇندا 4

قېتىم ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ 103 «گۇناھكار» غا جازا ھۆكۈم قىلدى. 90 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سوت مەھكىمىسى چۈشتىن بۇرۇن ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ سۇلايمان سوپى، قوربان مۇھەممەد، غوپۇر ئەۋەللەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. سياسي ھوقۇقىدىن ئەبەدىي مەھرۇم قىلدى.

ئەمەت مۇھەممەد، تۇرغۇن خوجا، مەخەت ھەسەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ 2 يىلدىن كېيىن ئىجرا قىلىشنى ئېلان قىلدى. سياسىي ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلدۇردى. ئىبراھىم ئەمەت، روزى ھاشىم، نۇر سادىر، جامال مۇھەممەد، تۇرغۇن ساقىلارغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ سياسىي ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلدى.

تۇرغۇن مۇھەممەد، سۇلايمان ئىسا، تۇرغۇن ئابدۇلكەرىملەرگە 20 يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىپ سياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇق قىلدى.

توختى ئىسلامغا 19 يىللىق، رەھمەت ئەمەتكە 16 يىللىق، مۇھەممەد روزى، قاسىم ھەسەنلەرگە 15 يىللىقتىن، مۇھەممەد قۇربانغا 14 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، سياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل مەھرۇم قىلدى.

ئىسمائىل جۇمە، يار مۇھەممەدلەرگە 13 يىللىقتىن، مۇھەممەد ئىمىن ئۆمەرگە 12 يىللىق، مۇھەممەد مۇھەممەدكە 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ سياسىي ھوقۇقىدىن 5 يىل، 4 يىل، 3 يىل مەھرۇم قىلدى.

ئەزىز روزى، ئەھەد ئاللاھ بەردىلەرگە 9 يىللىقتىن، مۇسا ئىسلام، ئابدۇرۇسۇل قاسىم، روزى قاسىملارغا 8 يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن 2 يىل، 3 يىل مەھرۇم قىلدى.
قارى داۋۇت، بارات يۈسۈپ، ھىسامىددىن زەبىبۇللاھ، ئىگەمبەردى ئاللاھ بەردىلەرگە 7 يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن قارى داۋۇتنى 3 يىل قالغانلىرىنى 2 يىلدىن مەھرۇم قىلدى.
ئابىد قادىر، ياسىن قادىر، سىدىق ھاجىلارغا 6 يىللىقتىن قاماق جازاسى بېرىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن 3 يىل، 2 يىلدىن مەھرۇم قىلدى.
ئەھەد ئىمىنگە 5 يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ 2 يىل سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى.
تۇرسۇن ئىسمائىلغا 4 يىل، ئەزىز قۇربانغا 3 يىل قاماق جازاسى بېرىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن 2 يىل، بىر يىل مەھرۇم قىلدى.
تۇراخۇن تۇرغۇن، مەخەت قوشماقلارنى جازادىن كەچۈرۈم قىلىپ 3 يىللىق، 2 يىللىق سىياسىي ھوقۇقنى يوق قىلدى. ھوشۇر ئەلى، ئوبۇل يولداش قاتارلىق 47 كىشىگە قانۇنى جەھەتتىن جازا بەرمىدى.
قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بارىن يېزىسىنىڭ بارىن، قوم، سايباغ كەنتلىرىدىن بىرلا ۋاقىتتا 36 «جىنايەتچى»نى قانۇنى جازادىن كەچۈرۈم قىلدى ھەم ئۇلارنى 102

كــــشــدىن تەركـــپ تاپقـــان 36 «تەربـــيە» بېـــرىش گۇرۇپپىسىنىڭ نازارەت قىلىپ ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇپ بەردى.
بــۇ قېتىمــى جــازالاش يېغىنــى ئــاپتونوم رايونلــۇق ســوت مەھكىمە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شوجىسى جياڭ جولىــڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن بــاش تەپتىــشى ئابــدۇرەھىم قــادىر، ئــاپتونوم رايونلــۇق ئەدلىــيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى مۇھەممەد يۈسۈپ، قىزىلــسۇ ئوبلاســتلىق پارتكومىنــڭ ســكرىتارى نيــوبىن شــىڭ ئوبلاست باشلىقى سۇلايمان، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمــي كومىتېتىنــڭ مۇئــاۋىن مۇدىرلىرىــدىن ســالىھ بەختــى، شـــىدايەت، ئابــدۇلئەزىز ھاشـــىم، ئوبلاســتلىق سىياســي كېڭەشــىنىڭ مۇئــاۋىن رەئىــسى باقۇتمــان... ئــشتراكى بــىلەن ئېچىلغــان. (بــۇ قېتىمقــى جــازالاش خەۋىرى يەنى بۇ مەلۇمات «قىزىلسۇ گېزىتى» مۇخبىرى ئابدۇللاھ جان مۇسا تەرىپىــدىن 91 - يىلــى 9 - ئاينــڭ 11 - كۈنى يېزىلغان خەۋىرىدىن سۈزۈۋېلىندى.)
1990 ــ 91 - يىللـــرى پۈتـــۈن شــــىنجاڭدا «بـــارىن توپىلىڭى»نى ئەيىبلەش بويىچە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.
«شـــىنجاڭ گېزىتــى» 1990 - يىلــى 11 - ئىيــۇل بــاش ماقالــسىدا يەنــى «ئامىنىــڭ زور كــۆپچىلىكىگە قەتئىــى ئىشىنەيلى ۋە تايىنايلى» دېگەن ماقالىسىدا «.... جەنۇبى شــىنجاڭنىڭ باشــقا جايلىرىــدا خــزمەت قىلىۋاتقــان بىــر

قىسىم خەنزۇ يولداشلارغا بۇ ۋەقەنىڭ بەرگەن تەسىرى تامامەن تۈگەپ كەتكىنى يوق. بەزى كىشىلەردە (خەنزۇلار كۆزدە تۇتۇلغان ـ ئا) خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولدى. ئىدىيە، كەيپىيات جەھەتتە ناھايىتى زور داۋالغۇش بولدى. باشقا مىللەتتىن بولغان يولداشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگىمۇ تەسىر يەتتى...» دېيىلگەن. دېمەك، بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن شىنجاڭدا ھۆكۈمەت جىددى ئىشلەيدىغان خىزمەت: پۈتۈن جەمئىيەتتە بۇ «ئەكسىلئىنقىلابىي» توپىلاڭنى ئەيىبلەش، خەلقنى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى سەپەرۋەر قىلىش، خەنزۇلارنى شىنجاڭدا خاتىرجەم تۇرۇشقا ئومۇمى جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش، مەدەت بېرىش، جەمئىيەتنىڭ «تىنچ» ۋە «مۇقىم»لىقىنى قوغداش ھەم توپىلاڭنى تىنجىتىشقا خىزمەت كۆرسەتكەنلەردىن پۈتۈن جەمئىيەت ئۆگىنىش... تىن ئىبارەت بولغان ئىدى.

ئىلاۋە: «بارىن ۋەقەسى» توغرىسىدىكى بۇ ئەسلىمە:

1ـ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ 1990 ـ يىلىدىكى باش سېكرېتارى سۇڭ خەنلياڭنىڭ 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيىلىك ئەمەلدارى كادىرلار يىغىنىدا بەرگەن ئۇختۇرۇش خاراكتېرلىك (مۇھىم مەخپىي) دوكلاتى.

2 ـ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ھەر خىل خەۋەر ـ ماقالىلىرى.
3 ـ كاشىغەر، ئاقتۇ، يېڭىسارلارنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا (90 ـ يىل 8 ـ ئايلاردا) ئۆزەم مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە كىشىلەردىن ئىگەللىگەن خاتىرىلىرىم.
4 ـ ئاقتۇ ۋە ئاتۇشلاردا قولۇمغا كەلتۈرگەن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، ئېلان تىكىستلىرى.
5ـ بارىندا بولغان كۈنلىرىمدە بەزى يەرلىك دېھقانلاردىن ئاڭلىغانلىرىم، كۆرگەن ماددى نەرسىلىرىم... ئاساسىدا يېزىلدى.
خالىس يېزىپ قويغان بۇ ئەسلىمە، مېنىڭچە قەلىمىم ئاجىزلىقىم تۈپەيلى، چولتىراق بولۇپ قالغان بولسا ئەپۇگە سازاۋەر بولغاي. ئامىن!

## ئۈرۈمچى مۇسۇلمانلار نامايىشى
(19 ـ ماي ۋەقەسى)

نىزامىددىن ھۈسەيىن

(1989ـ يىل، ئۆكتەبىر ئۈرۈمچى)
1989 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ ، 18 ـ ۋە 19 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر بۆلۈم مۇسۇلمان جامائەت «جىنسى تۇرمۇشقا دائىر ئۆرپ ـ ئادەتلەر» دېگەن خەنزۇچە كىتابنىڭ شىنجاڭدا تارقىتىلغىنىغا قارشى ھۆكۈمەتكە ئېتىراز بىلدۈرۈش، تەلەپ قويۇش نامايىشى ئۆتكۈزدى.
نامايىشنىڭ ئىچچام تەپسىلاتى ۋە ئاقىۋىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە يېزىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.
«جىنسى تۇرمۇشقا دائىر ئۆرپ ـ ئادەتلەر» دېگەن كىتاب بىر خەنزۇ ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىپ 1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىچكىرىدە ھۆكۈمەت نەشرى ئورۇنلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان ئىدى.
1987 ـ يىلدىن كېيىن بۇ كىتاب شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەن. ھەتتا ھۆكۈمەت كىتابخانىلىرى تەرىپىدىن تارقىتىلغان.
1988 ـ يىلدىن كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى جۇڭلىدىن گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشا تەۋەلىرىدىكى تۇڭگانلارنى گەۋدە قىلغان مۇسۇلمانلار بۇ كىتابنىڭ

جۇڭگودا نەشر قىلىنغان، تارقىتىلغانلىقىغا قارشى ھۆكۈمەتكە ئېتىراز بىلدۈرۈش، تەلەپ قويۇش نامايىشلىرى ئۆتكۈزۈشكەن ئىدى. بۇ قېتىم ئۈرۈمچىدە بولغان نامايىشنى ئەنە شۇ نامايىشلارنىڭ شىنجاڭدىكى، جۈملىدىن ئۈرۈمچىدىكى داۋامى دېيىشكە بولاتتى.

1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 -، 17 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم تۇڭگان مەسجىدلىرىنىڭ، ئۈرۈمچى ئىسلام دارىلپۇنۇنىنىڭ (داشۇسىنىڭ)، يەنە بەزىبىر غەيرى تۇڭگان مەسجىدلىرىنىڭ ئىمام، مۇئەززىنلىرى، دىنى مۆتىۋەرلەر، جامائەت مويسىپىتلىرى بۇ نامايىشنى قىلىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىدۇ. (ئۆزئارا ئالاقە باغلاش، نامايىشنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە نامايىشنى قانداق ئۆتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى كېڭىشىپ بېكىتىدۇ). ئىشلار مەخسۇس كىشىلەر بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تەلەپ مۇنداق بولىدۇ:

نامايىش توپىنىڭ ھەر بىر بېشى 11 كىشىدىن تۈزۈلىدۇ. نامايىشچىلار مەسجىدلەر بويىچە سەپ تۈزۈشلىرى، جامائەت چۇقۇم تەرەت ئالغان، ئاق سەللە ئورىغان، ئاق يەكتەك (ئاق دىنى كىيىم) كەيگەن ھالەتتە بولۇشلىرى، سەپلەر ئاق بايراقلارنى، ئاق لوزۇنكىلارنى ئېگىز كۆتەرگەن، تەكشى، رەتلىك تۈزۈلگەن ھالەتتە ھازىر تۇرۇشلىرى، نامايىشنىڭ ئالدىنقى سەپلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك سەللىلىك دىنى ئەربابلار، مويسىپىتلەر، ئاق ساقاللاردىن تۈزۈلۈشلىرى تەكىتلەنگەن. ئەدەبلىك

بولۇش، ناشايان (توغرا بولمىغان) ئىشلاردىن، ناپىسەنت گەپ - سۆزلەردىن ساقلىنىش، نامايىش سېپىگە كوچىلاردىكى ھەر خىل كىشىلەرنىڭ كىرىپ ئېلىشىدىن پەخەس بولۇش، كوچىلارنىڭ قاتناش تەرتىۋىگە، جامائەت تەرتىۋىگە زىيان كەلتۈرمەسلىك، جەمئىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ، خەلق مۈلۈكلىرىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى تەمىن ئېتىش، ئۇرۇش، جېدەل قىلماسلىق، سەپ بويىچە تىنچلىق مەيدانىغا توپلىنىشىپ رەتلىك ئولتۇرۇپ ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويۇش، قائىدە سۆزلەپ، قائىدىگە ئەمەل قىلىش، ئىسلام ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتنى ئىپادىلەش... بۇ قېتىمقى نامايىش يېتەكچىلىرىنىڭ ئومۇمى تەلىۋى ئىدى. شۇنداق قىلىپ 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى نەنمىڭدىن يەنئەنلۇ كوچا ئاغزىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر قىسىم مەسجىدلەرنىڭ (ئاساسلىقى تۇنگان مەسجىدلىرىنىڭ جامائىتى بامدات نامىزىدىن كېيىنلا ئۇدۇللۇق سەپ راسلىشىپ شەھەر ئايلىنىش نامايىشىنى باشلىدى. نامايىشچىلار تۈركۈملىرى نەنمىڭگە كەلگۈچە 3000 دىن ئارتۇق كىشىدىن تۈزۈلگەن رەتلىك چوڭ سەپكە ئايلانغان ئىدى. نامايىشقا چىققان تۇنگانلار ئاساسەن ئاق بۆك كەيگەن ئىدى. نامايىشچىلار سېپى نەنمىڭدىن شەھەر ئىچىگە كىرمەي 7 - يولغا، ئۇنىدىن كېيىن ئوتتۇرا كۆۋرۈككە كېلىپ سايباغ - نەنزىگو تەرەپكە بۇرۇلدى. مەن بۇ نامايىشچىلار سېپىنىڭ مەسئوللىرى بىلەن قىزىل

تــاغ (خوُڭــسەن) 4 كوچـا ئايلانمـسىدا ئوُچراشــتىم ھەم سەپكە قىستوُرۇلدوُم. نامايىشچىلار سىپپى ھەر 20 قەدەمدە بىر «ئاللاھوُ ئەكبەر»، «ئاللاھوُ ئەكبەر» دىگەن تەكبىرنى ئوتتـوُرا ئـاۋاز بىــلەن تەكـشى تــوۋلاپ ئۆتــۈپ تــوُردى. نامايىــشچىلارنىڭ چــوڭ ســىپپىنىڭ ئالدىــدا بىــشىغا ئــاق سەللە ئورىغان، ئوُچىسىغا ئاق يەكتەك (ئاق دىنى كـيىم) كــيگەن، قوللىرىغــا قوُرئــان ئىلىۋالغــان 15 ســەپلىك جامـائەت خــوُددى مىيــت نــامىزى ئوُزوُتــوُپ ماڭغــان قىياپەت بىلەن سالماق ئىلگىرىلمەكتە ئىـدى. بـوُ سـەپنى پۈتۈن نامايىشچىلارغا ۋەكىللىك قىلىـدىغان يىتەكچىلەر سىپپى، پىشۋالار سىپپى دىيىشكە بولاتتى.

نامــايىش ســىپپى مەســجىدلەرنى ئاســاس قىلىــپ تــۈزۈلگەنلىكى ئۈچــۈن ھەر بىــر ســەپ «ئــۆز ســەپ» ھىــسابلىناتتى. ئەتــىگەن ســائەت 8 دىــن 11 غىــچە خوُڭــسەن 4 كوچـا دوُقموُشـىدىن موُشـوُنداق تـۈزۈلگەن نامايىـشچىلار سـەپلىرى ئـۈزۈلمەي ئۆتـۈپ تـوُردى. بـوُ نامايىــشقا ئەگەشــكەنلەرموُ ئىنتــايىن نوُرغــوُن ئىــدى. نامايىـــشچىلار كۆتــۈرگەن لــوزىنكىلاردا «دىنىمىزنـــى قوُغــدايلى!»، «دىنىمىزنىـــڭ ھاقارەتلىنىـــشىگە يـــول قويمـايلى»، «جىنسى توُرموُشـقا دائىـر ئـۆرپ ـ ئـادەتلەر» دىگەن كىتابنى كۆيدۈرەيلى»، «ھۆكۈمەتتىن بوُ كىتابنى يازغــان ئــادەمنى قــاتتىق جــازالاپ بىرىــشنى تەلەپ قىلىمىز»، «بوُ كىتابنى باسقان ئـوروُننى قـاتتىق جازالاپ بەرسـوُن»، «تارقاتقـان ئـوروُنلارنى جـازالاپ بەرسـوُن»،

دېگەن شوئارلار يېزىلغان ئىدى. ھەر بىر كىشى كۆتۈرۈۋالغان كىچىك بايراقچىلاردا «ئۇلۇغ دىنىمىزنى قوغدايلى»، «ئاللاھ ئۇلۇغ»، «دىننى كەمسىتىشكە قارشى تۇرىمىز»، «دىنىمىزنى ھىمايە قىلايلى» دېگەندەك سۆزلەر بار ئىدى.
نامايىشچىلار سېپى سائەت 2 لەردە تىنچلىق مەيدانغا توپلىنىشقا باشلىدى.
سائەت 2 يېرىملەردە مەيدانغا تىزىلىپ ئولتۇرغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 5000 دىن ئاشتى، سەپنىڭ ئالدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭى بىناسى تەرەپتە ئىدى. دائىمىي كومىتېت بىلەن پارتكومنىڭ پۈتۈن ئىشىك دەرۋازىلىرى تاقالغان، مەيدان ئەتراپىدىكى ئىدارىلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن توختاپ ئىشىك، دەرىزىلىرى تاقىلىپ چوڭ دۆشمەندىن مۇداپىئەگە ئۆتكەن بىنالار رايونغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. مەيدانغا رەتلىك، قاتار ئولتۇرۇشقان نامايىشچىلار توپىنىڭ ئەتراپىنى ئىنتايىن نۇرغۇن كۆرگۈچى ئاما بىلەن سانسىزلىغان جىق «كۆزەتكۈچى» لەر ئوراپ تۇراتتى. نامايىشچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ مەقسەت ۋە تەلىۋىنى ھۆكۈمەتكە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن ئاما ئالدىدا ئاشكارا كۆرۈشۈش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى: «ھۆكۈمەت تەلىۋىمىزنى ئاڭلاپ باقسۇن»، «ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشىمىز...»

دېگەن سۆزلەرنى تەكرار ـ تەكرار شۇئار قىلىپ توۋلاشتى، مەيداندا ئادەم بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى.
كەچ سائەت 5 ـ 6 لەرگىچە نامايىشچىلارنى ئاپتونوم رايون باشلىقلىرىدىن ياكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باشلىقلىرىدىن بىرەرمۇ كىشى قوبۇل قىلمىدى. ئالدىغىمۇ چىقمىدى. گەرچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى بەزى ئادەتتىكى مەسئۇل مىللىي كادىرلاردىن بىر نەچچىسى «ئۇقۇشۇپ بىقىش» نىيىتىدە نامايىشچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ... «سىلەرنىڭ بۇ تەلەپلىرىڭلارنى باشلىقلارغا يەتكۈزۈپ باقايلى... ۋەكىل سايلاپ كىرگۈزسەڭلەرمۇ بولىدۇ... ياخشىسى تارقىلىپ كېتىپ، پىكىرىڭلار بولسا چىرايلىقچە ئېيتقىنىڭلار تۈزۈك...» دېيىشتى. نامايىشچىلار مەيداندا 3 سائەت رەتلىك قاتار ئولتۇرۇپ ئۇسساپ چارچاپ تازا بىزىل بولۇشقان ئىدى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ بۇگۈنكى نامايىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى: ئاممىنى ياراتمىغانلىق، ئاممىغا مەسئۇل بولمىغانلىق، ھەتتا ئۆچ كۆرگەنلىك ئۇقۇمىنى بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيدانغا كىرىپ ـ چىقىرىلغان چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرى ناھايىتى كۆپ «مودا پىئە» كۆچلىرى، ھەربىي، ساقچى ماشىنىلىرى، پايلاقچى ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. مەيدان ئەتراپىدىكى بىنالار ئۆگزىلىرىدە بولسا كۆزەتچى ھەربىيلەر ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەر خىل رەسىم ئاپپاراتلىرى، سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرى ئاسقان، دەپتەر،

قەلەم، ئۇنئــالغۇلارنى كۆتــۈرگەن «مــۇخبىر» كــۈچىلار بىلەن تولۇپ كەتــكەن ئــدى. دېــمەك مەيــدان ۋەزىيىتــى جىددى ھەم سىرلىق تۈسته ئــدى. كەچ سائەت 5 يېرىم ئەتراپىدا نامايــشچىلار مەيدانــدىن رەتلــك، تــپ ـ تــنچ چىقىپ تارقىلىپ كېتىشتى. نامايــشىنىڭ داۋامى ئەتــگە قالدۇرۇلغان ئىدى. نامايــشچىلار تارقىلــپ كەتكەنــدىن كېيىن، شۇ كــۈنى كېچــدە ھۆكــۈمەت نامايــشقا چىققان بــارلىق چــوڭ مــوللىلارنى، دىنــى زاتــلار ۋە نامايــشنى تەشكىللەشــتە ھەسســسى بــار دېــيىلگەن چوڭلارنــڭ ھەممىسىنى ئىسلام داشۇسىگە يىغىۋالدى.

مەقسەت: 1 ـ ئەتىسى بولىدىغان نامايــشنى يېتەكچىــسىز قالدۇرۇش، 2 ـ جەمئىيەتتە تەسىرى بار دىنى كىشلەرنى قولغــا كەلتــۈرۈپ، چــوڭراق ئەھۋالارنــڭ كېلىــپ چىقىــشىنىڭ ئالــدىنى ئــېلىش، 3 ـ بىــر قــسىم دىنــى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ «گەپ ئاڭلايدىغان قىلىش»، 4 ـ بىــر قــسىم دىنــى كــۈچلەرنى يېتىم قالــدۇرۇپ زەربە بىرىش... ئىدى.

ئــاپتونوم رايــون رەئىــسى تۆمــۈر داۋامەت باشــلىق يــۇقىرى دەرىجىلــك مىللــي ئەمەلــدارلار 5 ـ ئاينــڭ 19ـ كــۈنى ســـەھەردىن تارتـــپ ئۈرۈمچـــدىكى مۇناســـۋەتلىك ئورۇنلارنــڭ جــددى ماسلىشــشى ئارقــسىدا ئــسلام داشۆســدە يىغىۋالغــانلار بــلەن «دىنــى زاتلاردىــن پىكىــر ئــېلىش» يىغنــى ئاچــدۇ. يىغىــن ئــشتىراكچىلىرىنىڭ ســرت بــلەن بولغــان ئالاقــسى چەكلىنــدۇ. ئــسلام

داشۆسىنىڭ تالىبلىرى سىرتقا چىققۇزۇلمايدۇ. لېكىن نامايىش 19 ـ كۈنى يەنىلا باشلىنىدۇ. ئەتىگەن سائەت 8 دىن 2 گىچە كوچا ئايلىنىپ تۈنۈگۈنكى مەيدان (يەنىلا تىنچلىق مەيدانى) غا توپلىشىپ رەتلىك قاتار ئولتۇرغان نامايىشچىلارنىڭ سانى 4 ـ 5 مىڭدىن ئاز ئەمەس ئىدى. نامايىشقا ئەگىشىپ ماڭغانلارنىڭ سانىمۇ ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر خىل كىشلەر مەسىلەن، ئاق بۆك كىيگەن «تۇنگان» يىگىتلەر، قويۇنلىرىدا تاپانچا، يانچۇقلىرىدا باغلاق تانلىرى، بولغان توختىماي «دىنىمىزنى قوغدايلى»، «دىن يولىدا جىنىمىزنى پىدا قىلايلى»... دېگەنىدەك شۇئارلارنى توۋلاپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان سىياسىي پايلاقچىلار، گىرىملەنگەن ساقچى، مەخپىي كۈزەتچىلەر ۋە تېگىشلىك «مۇخبىر»، «ئاپپاراتچى»، «مۇسۇلمان» لار، ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى كوچا لۈكچەكلىرى، ئوغرى ـ يانچۇقچىلار، قىمارۋاز، بەنگى، قەلەندەر ھەتتا مەستلەر...مۇ نامايىشچىلار سېپىدە قىستۇرۇلۇپ يۈرۈشەتتى. نامايىشچىلارمۇ بىرلىكتىن ـ بىرلىككە كەلگەن يېتەكچى مەركىزىدىن، سىستېمىلىق ھەرىكەت يۆنىلىشىدىن ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ئالغان دىنى چوڭلاردىن ئاللىقاچان ئايرىۋېتىلگەن ئىدى. دېمەك تېزگىنىمىز، تەركىۋى مۇرەككەپ، ئاللىقاچان ئەسلى ماھىيىتىدىن ئايرىۋېتىلگەن سىرلىق كىشلەر توپى مەيدانىنى قاپلىۋالغان ئىدى. دېمەك، نامايىشنىڭ

خاراكتېرى، سۈپىتى، تەقدىرى.... باشقىراق غەرەزگە يەنى قاتتىق بىسقتۇرۇش، زەربە بېرىپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش غەرىزىگە توغرىلىنىپ بولغان ئىدى.
دەل سائەت 2 يېرىم بولغاندا نامايىشچىلار سېپى ئالدىدىكى بىنالادىن يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن «... مەيداندىن تارقىلىپ كېتىڭلار.. قانداق گەپ بولسا ۋەكىل ئارقىلىق ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلەشسەڭلار بولىدۇ» دېگەن بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى ئاۋاز تەكرار ـ تەكرار ئېيتىلىۋەردى. نامايىشچىلار ئارىسىدىن كىمدۇ بىرسى «تارقالمايمىز، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ئالدىمىزغا چىقىپ پىكرىمىزگە يوزۇتسيە بىلدۈرسۇن..» دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا جاۋابەن ئېيادە ۋاقىرىدى. 5 ـ 10 مىنۇت ئىچىدىلا نامايىشچىلار ئارىسىدىن «تارقالمايمىز!»، «كۆزلىگەن نىشانغا يەتمىگۈچە مەيداندىن كەتمەيمىز»، «ياشىسۇن ئىسلام»، «مۇسۇلمانلار ئۇيۇشايلى» دېگەندەك شۇئارلار ئارقا ـ ئارقىدىن توۋلاندى. «ھۆكۈمەت كۈچۈمىزنى بىر كۆرۈپ باقسۇن» دەپ ۋاقىرايدىغانلارمۇ پەيدا بولدى. مەيداندىكى رەتلىك ئولتۇرۇشمۇ بۇزۇلدى. يۈرۈش ـ تۇرۇش قالايمىغانلاشتى. شۇنداق قىلىپ نامايىشچىلار ئارىسىدا مەركەزسىزلىك، چۇۋالچاقلىق، باشباشتاقلىق شەكىللەندى. دەل شۇ پەيتتە نامايىشچىلار ئالدىغا 3 چوڭ دىنى ئەرباپ پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ بىرسى قاغىلىقلىق مەخسۇم ھاجى، يەنە بىرسى ئابدۇللاھ داموللا، يەنە بىرسى سەمەت مەخسۇم دېگەن

زاتــلار ئــدى. مەخــسۇم هــاجى نامايــشچىلارغا نۇتــۇق سۆزلەپ «.... هۆكۈمەتنىــڭ ئەمرىنــى تۇتمــاق ۋاجىــپ.... هۆكۈمەتنىــڭ گېپىنــى ئاڭلىــشىمىز لازىــم. تارقىلىــپ كېتەيلى، دىنى ۋەكىللىرىمىز هۆكۈمەت بىلەن چىرايلىقچە سۆهبەت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنى تارقىلىــپ كېتىــشكە بۇيرىــدى...» دېگەنــدەك ســۆزلەر بىــلەن كىــشىلەرنى دەرهال تارقىلىپ كېتىشكە دالالەت قىلدى. نامايىــشچىلار سېپىدىن ئۇلارغا جاۋابەن «يوقــال ... لــى شــۇفۇ ســاتقىن، هىلــى ئەدىــۋىگنى بېرىمىــــز!» دېگەنـــدەك ئــاۋاز كۆتىرىلىــدى. ئۇلارمــۇ قاچقــان هېــسابتا ئەل كۆزىــدىن غايىپ بولدى. هۆكۈمەت ئەۋەتكەن بــۇ 3 زاتنىــڭ گېپى ئاقمىغانــدىن كېــيىن، مەيــداننىڭ ئالــدىنقى مــۇنبەر قېــشىدىن ســاقچىنىڭ ئــوت ئۆچــۈرۈش ماشىنىــسىدىن 2 سى پەيدا بولدى. نامايىشچىلارغا قارىتىــپ ســۇ چېچىــشقا باشلىدى. سۇ بېسىمى كۈچلــۈك ئــدى. بىــر نەچچە يــۈز ئادەم سۇ كۈچىنىڭ زەربىسى بىلەن يىقىلىپ، دەلدەڭشىپ غەزەپــكە كېلىــشىدىن، قــاتتىق قارشــلىق كۆرســەتتى (ماشىنىغا قاراپ ئېتىلدى.) كالتەك كۆتۈرگەن بىــر تــوپ ســـاقچى ئـــۇلارنى ماشـــىنىدىن توســـتى، ســـەتچىلىك، تارتىــشىش ـ ئىتتىشــشلار باشــلىنىپ كۈچەيــدى. 10 نەچــچە مىنــۇت ئېچــدىلا ماشـــىنا ئاغدۇرۇۋېتىلـــدى. ئەينەكلىــرى چېقىۋېتىلــدى. پۈتــۈن مەيدانــدا هۆكــۈمەت كــۈچلىرى بىــلەن خەلــق ئېلىــشىش باشــلىنىپ كەتتــى. مەيدان ئاللىقاچان مىڭلىغــان ســاقچى، ئەســكەر، هەربىــي

ماشىنىلار بىلەن قورشاپ ئېلىنغان. باستۇرۇش تەييارلىقى تولۇق قىلىنىپ بولغان ئىدى. ئاتالمىش «نامايىشچىلار» ئارىسىدىن بىر توپ ئادەم ساقچىلار بىلەن تىغمۇ تىغ مۇشلىشىش، تۇتۇشۇش جېڭىنى باشلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ «نامايىش»نىڭ خاراكتېرى «توپىلاڭ»غا، «نامايىشچىلار»نىڭ خاراكتېرى «بىر توپ لۈكچەكلەر»گە ئۆزگىرىپ كەتتى. باستۇرۇش، باستۇرۇشقا «قارشى» تۇرۇش تازا قىزىدى. خەلق توپى مەيدانغا يېپىتىلغان قىش، تاشنى قومۇرۇپ «قوراللىنىپ» پارتكوم بىناسى بىلەن دائىمىي كومىتېت بىناسىغا (ساقچىلار قوشۇنى شۇ تەرەپكە مەركەزلەشكەن ئىدى) ئاتقىلى تۇردى. «تاش بوران سوقۇشى» قىزىپ كەتتى. سائەت 4 بىلەن پۈتۈن مەيدان دائىرىسىدە «لۈكچەك»لەرنى تۇتۇش ئەۋجىگە چىقتى. 2 سائەت ئېلىشىش ئارقىلىق «لۈكچەكلەر» تەلتۆكۈس جىمىقتۇرۇلدى.

شىنجاڭ داشۇ نەشرىياتى «1989 - يىل 25 - ئاۋغۇست بېسىپ تارقاتقان «ئەسلى قىياپەت، مەنبە، ساۋاق، ئىلھام» دېگەن ژورنالدا بۇ ھەرىكەتنىڭ زىيىنى كۆرسىتىلگەن: «... بىر ئوچۇم لۈكچەكلەر ئاممىنى قۇترىتىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قاتارلىق ئورگانلارغا بېسىپ كىردى. 150 نەچچە كىشىنى ئۇردى. 2000 كۆزدىن ئارتۇق ئەينەكنى چىقىۋەتتى. 30 نەچچە ئاپتوموبىلنى پاچاقلاپ تاشلىدى... ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر

نەپەر قورالللىق ساقچى قىسىم جەڭچىسىنى تۇتۇپ كەتتى.» مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 89 ـ بېتىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «43 ئاپتوموبىل چېقىۋېتىلدى. 4700 نەچچە پارچە ئەينەك چېقىلدى...»
دېمەك نامايىشچىلار ئاخىرى «لۈكچەك»لىشىپ نامايىش «توپىلاڭ»غا ئايلىنىپ، ئۇنى قەتئىي بېسىقتۇرمىسا بولمايدىغان جىددى ۋەزىيەت پەيدا قىلىندى. شۇ مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا 600 گە يېقىن «توپىلاڭچى لۈكچەك» قاتتىق زەربە بېرىش يولى بىلەن قولغا ئېلىندى. قاچ ـ قاچ باشلاندى. ئاق بۆكلۈك «تۇڭگان يىگىت»لەر بۆكلىرىنى يانچۇقلىرىغا سېلىپ بىردەمدىلا خەنزۇ يىگىتلەرگە ئۆزگىرىپ بولدى. «دىنىمىزنى قوغدايلى» دەپ ۋاقىرىغان «مۇسۇلمان»لار بولسا نامايىشچىلارنى ھەر بىر ئادەملەر بويىچە تونۇۋالغان، ئاۋازلىرنى ئۈنئالغۇغا چۈشۈرۈپ بولغان قابىل كۈزەتكۈچى، سەزگۈر پايلاقچىلاردىن بولۇپ چىقتى.
19 ـ ماي كەچقۇرۇندىن باشلاپ پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدىن مەسجىدلەر، مەھەللىلەر بويىچە بۇ نامايىشقا قاتناشقانلارنى تەقىپلەپ سۈرۈشتۈرۈپ تۇتۇش زۆرۈر دەپ قارىغانلاردىن يەنە 300 نەچچىسى تۇتۇلدى. 2000 دەك كىشى تىزىمغا ئېلىنىپ «مەسىلە تاپشۇرۇش»قا قويۇلدى. 1989 ـ يىلى 5 ـ، 6 ـ ئاي ئۈرۈمچىدە ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە «19 ماي»، «توپىلاڭچى»، «لۈكچەك»لىرىنى تۇتۇش جازالاش ۋاقتى بولغان ئىدى.

1989 ـ يىلى «19 ـ ماي»، «يېتەكچى»لىردىن...لار قانۇنى جازاغا تارتىلىپ ... دىن تۇرمىغا هۆكۈم قىلىندى.
تۇتۇۋىلىنغان «تىوپىلاڭچى بىر ئوچۇم لۈكچەك»لەر تېگىشلىك ئەدەپلىرىنى تويغۇدەك يېيىشكەندىن كېيىن ئۇدۇللۇق قويۇپ بېرىلدى. نامايىشنىڭ ئادەتتىكى قاتناشقۇچلىرىمۇ مەسجىد، مەهەللىلەر يويىچە ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ تۆۋە قىلدۇرۇلدى.
بۇ توۋا دەيدىغان چاغلار ئىدى.

# ئارا تورك جىڭى
(«ئارا تورك ۋەقەسى»)

نىزامىددىن ھۈسەيىن

(1953 ـ يىل قۇمۇل ـ ئارا تۈرك)
1950 ـ يىل ئەتىياز 3 ـ ئايدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 6 ـ جۈن 16 ـ شىسىنىڭ بارىكۆلگە كىرگەن 46 ـ تۈەن 1 ـ يىڭى (600 دەك ئەسكەر) مۇئاۋىن يىڭجاڭ خۇجىڭشەننىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇمۇل ئارقىلىق ئارا توركقە كىردى. ئارقىدىن يەنە «ترانسپورت خادىملىرى»، «چارلامچى»، «ياردەمچى»، «ئالاقىچى»، «تىببىي خادىم» ... لاردىن 400 دىن ئارتۇق ياش خەنزۇمۇ ئارمىيە ھىمايىسىدە بۇ ناھىيە بازىرىدا پەيدا بولۇشتى. دېمەك، بىرەر ـ ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا بۇ ناھىيە تەۋەسىدە پەيدا بولغان «ئازاتلىق جەڭچىلىرى»نىڭ سانى 1000 دىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى.
شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بۇ ناھىيىدە «جەمئىيەت تىنىچلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش»، «ئەكسىلئىنقىلابچى»لارنى بېسىقتۇرۇش، «باندىت تازىلاش»... ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا «گومىنداڭ قالدۇقلىرى»نى تۇتۇش، «يەرلىك تۇپىلاڭچىلار»نى

ئاشــكارىلاش، «خەلــق ئــازاتلىق ئارمىيــسىنى ھىمــايە قىلىش»، «ياردەم بېرىش»... خىزمەتلىرىنى باشلىۋىتىدۇ. پۈتۈن ئىشلار قورالىلىـق كۈچلەرنىـڭ ئىلكىـگە ئېلىنىـدۇ. قورالىلىــق تېررورلــۇق، ئىگەلــلەش زوراۋانلىقــى ئەۋجىــگە چىقىدۇ. خەلقتە قورقۇش باشلىنىدۇ. پۈتۈن بـازار خەلقـى ھەتتا بازارغا يـېقىن يېـزا ـ كەنـت ئاھالىلىرىنىـڭ مۇتلەق كــۆپ قــىسمى تۇرالغــۇ جايلىرىــدىن قېچىــپ تاغلارغــا پىتىــراپ كېتىــشىدۇ. تىــنچ تەسـلىم بولغــان گومىنــداڭ ئىــدارىلىرى، خىزمەتچىلــرى، ھەربىــي، ســاقچىلىرىمۇ قېچىــپ تاغلارغــا چىقىــپ ئېلىــشىپ جىــددى مۇداپىئەدە بولۇشىدۇ. «تۇتۇمىز»، «تۇتقۇزمايمىز» كۆرۈشى باشلىنىپ كېتىــدۇ. خەلـق ئــازاتلىق ئارمىيــسى قورالىغــا، كــۈچىگە، باستۇرۇشــىغا ئىــشىنىدىغان، يەرلىــك خەلــق قورقــۇنچ، ۋەھىمــىدە تۇرىــدىغان، گومىنــداڭ كــۈچلىرى مــۇداپىئە خاراكتېرلىك سوقۇشقا تەرەددۇت قىلىشىۋاتقان جىددى ۋەزىيەت ناھىيىنىڭ ئومۇمى ۋەزىيتى بولـۇپ قالىـدۇ. 5 ـ ئاينىــڭ 2 ـ كــۈنى ئــارمىيە تەرەپ ئــارا توركىنىــڭ سابىق ھــاكىمى ئۇبەيــدۇللاھ باشــلىق بىــر تــوپ يەرلىــك ئەمەلدارلارنى تۇتۇشقا كىرىشىدۇ. قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە يولۋاس بەگ باشلىق بىر توپ ۋىلايەت ئەمەلـدارلىرىمۇ بـۇ نــاھىيە تەۋەســىگە كىرىۋالغــانلىقى ئۈچــۈن پۈتــۈن ۋىلايەتتىكــــــى كومپــــــارتىيە كۈچلىرىنــــــىڭ «ئەكىــسلئىنقىلابچىلارنى بېــسىقتۇرۇش»، «بانــدىت تازىلاش» ... نىشانىمۇ بۇ ناھىيە بولـۇپ قالىـدۇ. دېـمەك،

ئارا تورك  شۇ چاغلاردا شىنجاڭ بويىچە «ئەكسىيەتچى» كۆچلەر ئەڭ كۆپ مەركەزلەشكەن خەۋپلىك ناھىيىگە، «ئۇرۇش ھالىتى رايونى»غا ئايلىنىپ قالدى. ئاخىرى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ناھىيە مەركىزىدە ھەم توخولا دېگەن يەردە ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. ئۇرۇش پارتلايدۇ. يولۋاس بەگ بىلەن بىر توپ قازاق چوڭلىرى (ئوسمان، جانىم قان كۈچلىرى) ئۇبەيدۇللاھ ھاكىم باشچىلىقىدىكى خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى بىلەن 60 نەچچە كۈن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. ئاخىرى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ خىللانغان 46 ـ پولكى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ تاللانغان 3 ـ باتالىيونى ئارا توركقە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى قىسىملار بىلەن بىرلىكتە ئارا توركنى قايتا ئىشغال قىلىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدىن 38 كىشى ئۆلىدۇ. 100 نەچچە كىشى يارىدار بولىدۇ. خەلق كۈچلىرى بىلەن بىگۇناھ قورالسىز خەلقتىن (باللار، ئاياللار، قېرى ـ چۆرىلەردىن) 90 دىن ئارتۇق ئۆلىدۇ. 200 دەك كىشى يارىدار بولىدۇ. 700 دىن ئارتۇق يەرلىك خەلق تاشقى مۇڭغۇلىيىگە قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. يولۋاس بەگنىڭ خۇتۇنى لياۋ يوڭچۇ، 2 ـ ئوغلى ياۋداخوڭ، 3 ـ ئوغلى ياۋداۋمىن، كاتىۋى تاڭ يوي دۇڭ، مۇھاپىزەتچىلىرى ئىسمايىل، يۇنۇس قاتارلىق يولۋاس بەگ ئادەملىرىدىن 40 نەچچىسى ئەسىر ئېلىنىدۇ.

يولۋاس بەگ ئىنىسى ياقۇپ بەگ بىلەن بىللە بىر توپ ئادەم (بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە 50 نەچچە ئادەم) تىبەت ئارقىلىق چەتئەلگە قېچىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تۇتۇۋالغان 240 نەپەر «باندىت» تىن ئۇبەيدۇللاھ باشلىق 25 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. قالغانلىرى تۈرمىلەردە، لوگەي مەيدانلىرىدا «ئۆزگەرتىلىدۇ» ياكى دىكتاتۇرا ئاستىدا بىر تەرەپ بولۇپ تۈگەيدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆلگەن قاچقان تۈرمىلەرگە تۇتۇلغان... لارنىڭ يەر - زېمىن، بايلىق تەلۇقاتلىرى «نەخ ئەكسىلئىنقىلابچى»لارنىڭ ئىگىلىك بايلىقى ھېسابىدا ئۆتكۈزۈپ ئېلىنىپ «ھۆكۈمەت مۈلكى» قىلىنىپ ناھىيە ئىگىلىك تەركىۋىدە يېڭىدىن تەخسىملىنىش پوندى بولۇپ كېتىدۇ.

نىزامىددىن ھۈسەيىن

1 ـ قىسىم قاغىلىق

1) قاغىلىققا زىيارەت
(1986 ـ يىل 6 ـ ئاي)
قاغىلىقنىڭ يەر كۆلىمى 28 مىڭ 266.5 كىلومېتىر، تېرىلغۇ يېرى 781.700 مۇ، بۇنىڭدىن ئاشلىق تېرىلىدىغان يەر 526.100 مۇ، بۇ ناھىيە مەمۇرى جەھەتتىن 17 يېزا، يېزا دەرىجىلىك 3 بازار، 5 مەيدان، 9 ئاھالە كومىتېت، 302 كەنت، 1256 مەھەللىگە بۆلۈنگەن. 65 مىڭ 926 ئائىلە (بۇنىڭدىن يېزا ئائىلىسى 56036، بازار ئائىلىسى 9890). 287.237 نوپۇسى بار. بۇلاردىن 224.198 كىشى يېزا ـ قىشلاقلاردا، 43.106 كىشى بازارلاردا ئولتۇراقلاشقان. ناھىيە تەۋەسىدە 8 مىليون مۇ ئوتلاق (يايلاق) بار. بۇنىڭدىن يازلىق ئوتلاق 5 مىليون 700 مىڭ مۇ، قىشلىق، كۈزلۈك ئوتلاق 2 مىليون 400 مىڭ مۇ. 1985 ـ يىلىدىكى سۇنئى ئوتلاق 92 مىڭ مۇ ئىدى. 5775 ئائىلە 32 كەنت. 92 مەھەللە بويىچە مەخسۇس چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇلار پۈتۈن ناھىيە ئاھالىسىنىڭ 10.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. 621 مىڭ 37 تۇياق چارۋا مال بار. بۇنىڭ 58

پىرسەنتى يېزىلاردا. پۈتۈن چارۋا مالنىڭ 70.3 پىرسەنتى قوي. 10.4 پىرسەنتى كالا، 9.6 پىرسەنتى ئېشەك، 6.5 ئۆچكە، 1.4 پىرسەنت قوتاز، 0.8 پىرسەنت ئات، 0.5 پىرسەنت تۈڭگۈز، 0.3 پىرسەنت تۆگە، 0.1 پىرسەنت خېچىر تەشكىل قىلىدۇ. 1984 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىك كىرىمى 62 مىليون 214 مىڭ 502 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ 2 مىليون 727 مىڭ يۈەنى چارۋىچىلىقتىن كەلگەن.

ئاھالىلەرنىڭ نوپۇس نىسبىتى مۇنداق: ئۇيغۇرلار 267 مىڭ 593، قازاقلار 24، تونگان 571، قىرغىز 810، موڭغۇل 1، شىۋە 5، تاجىك 1594، ئۆزبېك 684، باشقىلار 30، خەنزۇلار 15 مىڭ 925 (يۇقىرىقى نوپۇس مەلۇماتى 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان ئوچۇق نوپۇس جەدۋىلىدىن ئېلىندى.)

بۇ ناھىيىدىكى كۆچمەن خەنزۇلار 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇن (49 ــ يىلغىچە) بۇ ناھىيىگە كۆچۈپ كېلىۋالغان (ئاساسەن ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ياكى شۇلار ھامىلىقىدا تۇرۇۋاتقان) 80 خەنزۇ نوپۇسىنى كۆزنەك قىلىپ تۇرۇپ، يۇقىرىقى سانغا كۆپەيگەن. ئۇلار ئاساسەن ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنى، بازار، ئۆتەڭلەرنى نوقتا قىلىپ تۇرۇپ، يېنىك ئىشلىق تۇرمۇش ئورۇنلىرىغا يەرلەشكەن. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ 96 پىرسەنت دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلاردىن مائاش ئالىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۈركۈملىرىگە مەنسۇپ بولغان بولسا، قالغانلىرى ھازىرقى چاغ يېنىك كەسىپلەردە (رېمونتچى،

تىككۈچى، ياماقچى، ساتىراچ، تىجارەتچى، كۆزەتچى.... لىكتە) تىرىكچىلىك قىلىشىدۇ.
1986 ـ يىلى 300 خەنزۇ كۆچمەن بۇ ناھىيىنىڭ بازىرىغا تىجارەتچىلىك كەسپى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 1986 ـ يىلى بۇ ناھىيىنىڭ يىللىق قۇتقۇزۇش، پاراۋانلىق تاپاۋىتىنىڭ 83 پىرسەنت كۆچمەنلەرنى يەرلەشتۈرۈش، ئورۇنلاشتۇرۇشقا سەرپ قىلىنغان. كۆچمەنلەرنىڭ 90 پىرسەنت دېگۈدەك مەزمۇت، بىجىرىم (يىگىت ـ قىز) ئادەملەر، بوۋاي ـ موماي، ئاقساق ـ چولاقلىرى يوق. ھەر قانداق ھەرىكەتلەرگە چىقالايدۇ. گەپلىرى ئۆرە، ئۇششۇق قىياپەت، يەرلىك ئادەملەرگە پىسەنت قىلىشمايدۇ.... پۇل ئۈچۈن ھەممە ھەرىكەتنى قىلىشىدۇ. قورقۇمسىز.... ناھىيە مائارىپ راسخوتىنىڭ 44 پىرسەنت خەنزۇلار مائارىپى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان.

2 ـ قارا قۇرۇمغا سەپەر

1986 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن ئېتىۋارەن قاغىلىقنىڭ ئارا ساي (ھازىرقى يەنىستەي دېيىلىۋاتقان يەر) يول ئارىشىدىن يەنى «0» كىلومېتىردىن باشلىنىدىغان قاغىلىق تىبەت تاشيولى (شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى)نى بويلاپ سەپەرگە چىقتىم. مەقسىدىم: يەرلىك خەلقلەر، «قارا قۇرۇم تاشيولى»، «لاداق تاشيولى» دەپ ئاتايدىغان 1465.5 كىلومېتىر تاشيولنى كۆرۈش،

995 نەپەر تاشـيول ئـشچـسنى يـوقلاش (98 پـرسـەنت ئۇيغۇر)، زىيارەت قىلىش ئىدى. ئۆزەم ئىختىيار قىلىپ تاللىغان بۇ سەپەرنى قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ باشلىقى يوڭ ئەنچاڭ قوللاپ كەتمىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: يول ئىنتايىن خەتەرلىك، داۋانلار بەك ئېگىز، سوغۇق، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتە يۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇن مۇساپىنى قار - مۇز ئۈستىدە باسىمىز، ئوكسىگېن يېتىشمەي ئاغزى - بۇرنىدىن قان كېلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بىزمۇ تېخى بۇنداق سەپەرگە تەۋەككۈل قىلىپ باقمىدۇق. مەن شەخسەن سىزنى بۇ سەپەردىن توسۇپ قىلىشقا مەجبۇرمەن. بىزنى ئېھتىيات ئۈچۈن گۆلچەمبىرەك ياساپ قويۇشقا مەجبۇر قىلماڭ.» مەن بۇ تەكلىپ تەۋسىيەلەرنى رەت قىلغان ئىدىم. مېنىڭ جاۋابىم: 900 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر شۇ يامان ئېگىزلىكتە 10 يىللاپ، 20 يىللاپ ئىشلەۋېتىپتۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ قورقماي مېڭىپ، ياشاپ تۇرغان بۇ جاينى زىيارەت قىلىش، كۆرۈش، تەكشۈرۈش، مېنىڭ ۋىجدانى ۋەزىپەم...» شۇنداق قىلىپ مەن 10 چوڭ داۋان، 9 دەريا، 34 چوڭ كۆۋرۈك، 137 چوڭ سۆگۈچ، 500 دىن جىق ئايلانما...نى ئۆز دائىرىسىگە ئالغان 1465 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول سوزۇلمىسىنى ئاسراۋاتقان بىر مەيدان، 11 مەركىزى ئىشخانا، 6 چوڭ ئەترەت، 44 گۇرۇپپىنى تەشكىلى بىرلىك قىلغان، ئائىلە، بالا - چاقىلىرىدىن

ئايرىلىپ، يىل بويى يېگانە ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ئارىسىغا سەپەر قىلماقچى بولدۇم. تارىختا بۇ يولنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلغان مىللىي سۈپىتىدە باشلىقان بۇ سەپىرىمنى، بۇ تاش يولنىڭ قاغىلىق باش ئۇچاستىكا باشلىقى كاشغەر يېڭى شەھەرلىك تۇراخۇن سۇلتان ئۇرۇنلاشتۇردى. قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكوم كادىرى ماڭا ھەمراھ بېرىلگەن ئىدى. يول بويىلىرىنى سۈرەتكە ئالماسلىق، يولدىكى ئىشچىلار ئارىسىدىكى سەلبى ھادىسىلەرنى خاتىرىلىمەسلىك، سەلبى كىشىلەر بىلەن ئۇچراشماسلىق، ئىجابى سەپەر قىلىش.. پارتكوم باشلىقىنىڭ ماڭا ۋەزىپە خاراكتېرلىك تەۋسىيىسى ئىدى. مېنىڭ ھەمراھىم شۇ تەلەپ ئاساسىدىكى نازارەتچىم ئىدى. دېمەك، 2 خىل سەپەرداش بىر خىل سەپەر ئۈستىدە ھەمراھ ئىدۇق. بىزنىڭ سەپىرىمىز 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دە باشلاندى. يەنى 30 ياشلىق شوپۇر — ئاقسۇلۇق نىياز توختى ئېغىر يۈكلۈك ماشىنىدا بىزنى ئېلىپ يولغا چىقتى. «بەشتېرەك»، «ئامۇتلۇق» قىزلار يول ئاسراش بازىلىرىنى (دۇبەنلىرىنى) زىيارەت قىلىپ، «پوسا»، «قورام ئېغىل» بازىلىرىنى ئارىلاپ (نوقۇل ئۇيغۇر ئىشچىلار ئىشلەيدىغان بازىلار 75 كىلومېتىردىن ئېچكىرىلەپ كەتكەندىن كېيىن باشلىناتتى). «قوزا يايلاق» بازىسىدا ناشتا قىلدۇق. 24 ئۇيغۇر ئىشچى بىزنى كۈتىۋالدى. ناشتىدىن كېيىن دېڭىز يۈزىدىن 3270 مېتىر ئېگىز بولغان ئاقاز داۋىنىغا

ياماشتۇق. مۇنار شەكىللىك تىك كۆتۈرۈلگەن بۇ داۋاننىڭ ئۈستىگە سائىتىگە 10 كىلومېتىر يۈرۈش سۈرئىتى بىلەن ئۆرلىدۇق، 11 كىلومېتىر پەسلەپ، ئاخىرى بۇ داۋان بىلەن خوشلاشتۇق. بۇ داۋاننىڭ يۈز مېتىرلىق قىسمىدا 6 دۇقمۇش، 5 ئەگىم، 4 توقاي بار ئىدى. خۇددى تېز يۈرىۋاتقان يىلاننىڭ ئىزىدەك سوزۇلغان تار، 80 گىرادۇسلۇق تىك يول سىزىقى بىزنى بەكمۇ بېئارام قىلاتتى. بەزىدە كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ، ئۆزىمىزنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، بىلگەن ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپمۇ قوياتتۇق، هاياتلىق تەقدىرىمىز خاسلا بىر شەخسنىڭ (شوپۇر ئەزىمەتنىڭ)، بىر تۆمۈر هايۋاننىڭ بىر سېكۈنتلۇق سەۋەنلىكى ياكى ئىشلىمەي قويۇشى بىلەن ئۇيان - بۇيان بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. بىز بۇ داۋاندىن توپ توغرا 2 سائەتتە سالامەت ئېشىپ بولدۇق. خۇدايىم بۇ يامان داۋاندا ئىشلەشنى ئۇ يەردە كۈن كەچۈرۈشنى پەقەت بىز خەققىلا نىسىپ قىلغان ئوخشايدىكەن. بۇ يەردىكى يول ئىشچىلىرى ئارىسىدا بىرەرمۇ باشقا مىللەت كىشىلىرىنى كۆزنەك ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇچرىتالمىغانلىقىمىز بۇ خىل ئىش تەقسىماتىغا ئۈنسىز نارازىلىقىمىزنى «توۋا» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادە قىلدىم، خالاس. بىز داۋاننىڭ ئۇ نىرىسىدىكى خالاستان (قاغىلىق) دەرياسى بويىغا جايلاشقان تاش يول ئوچاستىكىسىغا چۈشتۇق. بۇ يەرنىڭ يەرلىك نامى «127 - دوبەن» دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن. مەن مۇشۇ

دوبەندىن باشلاپ دوبەنلەرنىڭ يەرلىك ناملىرىنى شۇ يەرنىڭ تارىختىكى يەر نامى بىلەن قايتىدىن ئاتاشنى تەكلىپ قىلدىم. مەسىلەن: «127 ـ دوبەن» نى «ئاقاز دوبەن» دېدىم، شۇندىن باشلاپ كۇدە، جۇداق، قارا كۆۋرۈك، سېرىق داۋان، مازار، كۆكات، سۇغاق بۇلاق، خالتوشكون، شەيدۇللا، سۆگەت، گۇل باسار، قاپاق، پورتاش، كەڭشۋە، مالغۇنساي، مالغۇندارا، شاتراق داۋان، تاتلىق بۇلاق، جەسەت داۋانلىرىنىڭ يەرلىك ناملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەكلىۋىنى بەردىم. دېمەك، شىنجاڭ ــ شىزاڭ تاشيولى 698 كىلومېتىردە تىبەت تەۋەسىگە ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر بولغان جايلارنىڭ يەرلىك ناملىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ، خاتىرىلەپ ئالدىم، بۇ يول تىبەت تەۋەسىگە سوزۇلغاندىن كېيىن خەنزۇچە «دوما» تاڭغۇنچە «رىتو» دەپ ئاتىلىدىغان ناھىيە بازىرىدا بولدۇم. قىسقىسى بۇ يول تىبەت ـ نېپال چېگرىسىدىكى «پولەن» ناھىيىسى تەۋەسىدە 1465.6 ـ كىلومېتىردە تۈگىگەن. بۇ يولنىڭ ھاۋا شارائىتى ئىنتايىن ناچار، ئىشچىلارنىڭ بېشى قېيىپ، پۇتى ئاغرىپ، تاماق يېيەلمەي قالدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلەيدىغان ۋاقتى پۈتۈن ئىش ئايلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى تەشكىل قىلدۇ. بۇ يول ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرى ئابدۇلقادىر يۈسۈپ بىلەن دوختۇر زەيدۇن ئاخۇن ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېيىشتى: «بۇ يول بۇرۇنقى لاداق يول لىنىيىسىنى مەنبە قىلىپ ياسىلىپ، 1958 ـ يىلى رەسمىي قاتناش

باشلانغان. يولنى باشقۇرىدىغان باش ئوچاستىكا بولسا 1963 - يىلى قۇرۇلغان. ئەسلى يول لوگەيلەرنىڭ قولى بىلەن ياسالغانىدى. دەسلەپتە 400 دەك ياللانما ئىشچى ئىشلەيتتى. لېكىن بۇ يول دۆلەت تاشيولى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن رەسمىي شتاتلىق ئىشچىلار ئىشلەيدىغان تۈزۈم يولغا قويۇلدى. بۇ يولدا ئىشلىگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، رەڭگى قارىداپ كېتىدۇ. كۆز ئەينەك، دەپسە (پىما)، جۇۋا، پەلەي بىلەن ئىشلەيدۇ. ھەر يىلى 7 ئاي ئىشلەش، 5 ئاي دەم ئېلىش تۈزۈمى بار.

قاغىلىق بازىرىدا 100 يۈەن ئالىدىغان تاشيول ئىشچىسى بۇ ئىگىزلىككە كېلىپ ئىشلەپ 200 يۈەن ئالىدۇ. پۈتۈن يولدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ 98 پىرسەنتى مىللىيلار، ئىككى پىرسەنتى خەنزۇلار. ئۇلار قاغىلىق بازىرىدا (ئوچاستىكا ئورگىنىدا ۋە بازارغا يېقىن دوبەنلەردە) «كادىر»، «تېخنىك»، «بوغالتىر»، «كاسسىر»، «لاۋازىمەتچى»، «قوغدىغۇچى»، «پىلانچى»، «دىگۋارچى» (سەيگويۈەن)، «ئامبارچى»، «تەشۋىقاتچى»، «مۇئەللىم»، «تەربىيچى»، «تەشكىلات خادىمى»، «دۈيجاڭ»، «زىداۋيۈەن»... لىك كەسىپلىرىدە «خىزمەت» قىلىشىدۇ.... بۇ سوغۇق، ھاۋاسى ناچار (تۆۋەن) ئىگىزلىكتە ئىشلىگەنلەر ئومۇمەن 50 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ. لېكىن خىزمەت - ئىش تاپالمىغانلارنىڭ بۇ ئىشنى ئىشلىمەي ئامالى نېمە؟.... «بۇ يولدىن سوتكىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن

170 ماشىنا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. قاتناش ۋەقەسى ئىنتايىن تولا. ماشىنا ھادىسىلىرى، يولۇچىلار ھادىسىلىرى، ھەربىيلەر ھادىسىلىرى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدۇ. يۇرتىمىزغا داڭق كەتكەن «قوتاز ۋەقەسى» ئەنە شۇنداق ھادىسىلەرنىڭ بىرى...»

3 ـ قان قىرغاق
(قوتاز ۋەقەسى)

(1986 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر قاغىلىق ـ كۆدە)

قان قىرغاق 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەسكەر گاۋشۈي تاشيول ئىشچىسى 20 ياشلىق ئۇيغۇر ھاپىز ئابدۇللاھنى ئاپتومات بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن جاينىڭ يەرلىك نامى. پۈتۈن يۇرتىمىزغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن «قوتاز ۋەقەسى» ياكى «گاۋشوي ۋەقەسى» ئەنە شۇ جايدا يۈز بەرگەن. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: گاۋشۈي — سابىق ئۈرۈمچى ھەربىي رايون 11 ـ ماشىنا پولكى (كۇچاردا تۇرۇشلۇق قىسىم) نىڭ شوپۇرى ئىدى. بۇ قىسىم 1980 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قارا قۇرۇم تاغلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەشكە ئەۋەتىلگەن. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۇلار قارا قۇرۇمدىن قايتىپ قاغىلىق مازار بىلەن سېرىق داۋان ئارىلىقىدا كېتىۋېتىپ، يول بويىدا ئوتلاۋاتقان بىر توپ قوتاز پادىسىنى كۆرگەن گاۋشۈي ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆزى تۇرۇشلۇق

قىــسمغا (كۇچارغــا) ئېلىــپ كېــتىش مەقــستىدە بــۇ قوتــازلاردىن چــۇڭراق بىرســىنى ئاپتۇمــات بــىلەن ئېتــىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنــىڭ گۆشــىنى ئــۆزى ھەيــدىگەن ماشــىنىغا بېسىۋالغان. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (بىر پولىك ئەسكەر) بــۇ ئــىشتىن يېتەرلىــك خەۋەردار بولغــان. بولۇپمــۇ لىيەنجــاڭ، جاۋداۋيۈەنلەر «ئۇلجا»نىــڭ جايــدا بولغانلىقىغــا خۇشــال بولۇشــقان. ئەمەلىيەتــتە بــۇ يۇغــان قوتــاز قــاغىلىق 2 ـ چــارۋىچىلىق مەيــدانىنىڭ قــوتىزى بولــۇپ، مەيــدانىنىڭ ئۇيغۇر مالچىلىرى بېقىۋاتقان يەرلىك قوتازلاردىن ئــىدى. مــالچىلار ھەربىيلەرنىــڭ بــۇ قوتــازنى ئېتــىپ ماشــىنىغا بېسىۋالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال ئــۇدۇل يــول بــىلەن ئــات چــاپتۇرۇپ 204 كىلــومېتىر دوبەن (سېرىق داۋان دوبەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گە كېلىپ، دوبەن باشلىقى ھــاپىز ئابــدۇللاھقا ئېيتقــان. ھــاپىز ئابــدۇللاھ بــىلەن قوتــازچى بىــرلىكتە داۋان چــۆگىلەپ بــۇ يەرگە يېتىــپ كەلــگەن. قوتــاز گۆشــى بېــسقلىق ماشــىنىنى (گاۋشــۇي ھەيدەپ كېتىۋاتقان ماشىنىنى) يول بايرىقىنى كۆرسىتىپ توختاتاشــقا ئــشارەت قىلىــپ توختاتقــان. ســەپ تارتــىپ كېلىۋاتقان ھەربىي ماشىنىلار توختىغان. ھاپىز ئابدۇللاھ گاۋشۈي ھەيدىگەن ماشىنىدا قوتاز گۆشىنىڭ بېسىقلىق تۇرغــانلىقىنى كــۆرگەن. كەيىــنكە ئــشكىگە كېلىــپ، گاۋشۈيدىن قوتازنىڭ گۆشىنى چۈشۈرۈۋېتىپ كېتىــشىنى ئۆتــۈنگەن. گاۋشــۈي رەت قىلىــپ ماشــىنىنى ئــوت ئالدۇرۇپ، مېڭىشقا تەمشەلگەن. ھاپىز ئابدۇللاھ كەيىنكە

ئىشكىگە بىر پۈتىنى ئېلىپ، ئۆز پىكرىنى تەكرارلىغان. بۇ چاغدا گاۋشۇي ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قولىدىكى ئاپتۇماتنى ھاپىز ئابدۇللاھنىڭ ئاغزىغا تۇغرىلاپ، ئاپتۇماتنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتكەن. ئاقىۋەتتە ئاپتۇماتتىكى 27 پاي ئوق مەرھۇمنىڭ باش قىسمىنى خۇددى ماشىنا چاقى ئاستىدىن چاچراپ كەتكەن سۇيۇق پاتقاقتەك يول بويىغا چېچىۋەتكەن. قىرغاق ئىسسىق قان بىلەن قىزارغان. مەرھۇمنىڭ قېنى، مېڭىسى داۋاندىكى تاش، تۇپراق يۈزىدە مەڭگۈ داغ، مەڭگۈ چاچراق بولۇپ قالغان. دېمەك، «ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى» شەنشىلىك «مۆھتەرەم» گاۋشۇي يۇرتىمىزدا ئۆزىگە يول ياساپ، يول بېقىپ، يول كۆرسىتىپ تۇرغان بىر ياش ئۇيغۇرنىڭ ئىسسىق قېنىنى ئەنە شۇنداق تۆككەن (ھاياتىنى تۈگەتكەن.) بۇنى سەۋەنلىك دەمدۇق؟ ئۆچلۈك دەمدۇق؟ بىر پاي ئوق بىلەنلا ھاياتىدىن ئايرىلغان مەرھۇمنىڭ جەسىدى يەنە نېمە ئۈچۈن 27 پاي ئوق بىلەن تىتىپ تاشلىنىدۇ؟ مەرھۇم نېمە ئۈچۈن ئاغزىدىن ئېتىلىدۇ؟ زادى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ؟ بىر دېسكا (27 پاي) ئوق بىلەن دەل ئاغزىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. باش قىسمى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىلگەن مۇنداق بىر جەسەت بىزنىڭ قىرغىنچىلىق تارىخىمىزدا يېڭىدىن - يېڭى تۈرى بولۇپ قالغانغۇ ئاخىر؟ «سەۋەنلىك» دېگۈچىلەرنىڭ يۇقىرىقى پىكىرلەرگە دىققەت قىلغىنى ياخشى بولاتتى. ھاپىز ئابدۇللاھنىڭ

باشسىز جەسەدى يولدا ئېچىنىشلىق ياتاتتى. ۋەقە يۈز
بەرگەندىن كېيىن گاۋشۈينىڭ سەپداشلىرى ماشىنىلىرىنى
ھەيدىشىپ «ھەربىي يۈرۈش» بايرىقىنى ئېگىز
كۆتۈرۈشۈپ، بۇ يەردىن بىمالال يوللىرىغا يۈرۈپ
كېتىشكەن. يول ئاسراش بازىسىدىكى ئىشچىلار
يىغلىشىپ، دات - پەريات قىلىشىپ، ئاخىرى جەسەتنى
ماشىنىغا سېلىپ ئەرز قىلىش ئۈچۈن قاغىلىققا يولغا
چىققان. يولدا ئۇلارغا يول ئىشچىلىرىدىن 40 نەچچىسى
قوشۇلۇپ، قاغىلىق بازىرىغا كەلگۈچە جەسەت
كۆتەرگەنلەرنىڭ سانى 2 - ، 3 يۈز ئادەمگە كۆپەيگەن.
قاغىلىقتىكى مەسئۇل دائىرىلەر بۇ ۋەقەنىڭ قاغىلىق
خەلقىگە تەسىر كۆرسىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ،
ھازىرچىلار سېپىنى پوسكام تەۋەسىگە ماڭدۇرۇۋەتكەن.
پوسكام دائىرىلىرىمۇ زىددىيەتنى ۋىلايەتكە توغرىلاپ
«قاتناش تەرتىپى» بويىچە جەسەت ماشىنىسىنى تېزلىكتە
ياركەندگە ئۆتكۈزۈۋەتكەن. ياركەندمۇ خۇددى پوسكام
يولىنى تۇتۇپ، ھازىرچىلارنى يېڭىسارغا ماڭدۇرۇۋەتكەن.
ھازىرچىلار سېپى يول ئۈستىدە بارغانسېرى كۆپىيىپ 900
چە ئادەمگە يەتكەن. «كاشغەردە نامايىش قىلىمىز»،
«ھۆكۈمەت قاتىلنى جازالاپ بەرسۇن»، «ناھەق
تۆكۈلگەن بۇ قانغا قان ئالىمىز...» دېگەندەك گەپ -
سۆزلەر ھازىرچىلار سېپىنىڭ بىرلىكتە تەكىتلەپ تۇرغان
ئورتاق تەلىپى بولۇپ قالغان. بۇ سەپ كېچە - كۈندۈز
مېڭىپ، جەسەتنى تازغۇنغا ئەكەلگەن. تازغۇن كاشغەر

يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ، (ھاپىز ئابدۇللاھ شۇ يەرلىك ئىدى.) كاشغەردىكى ھەربىي، مۈلكى ئىدارىلارنىڭ ئۇيغۇر باشلىقلىرى (كاشغەر ۋالىسى ئىيسا شاكىر، ھەربىيلەر «باشلىقى» ئولاتايىۋ، شىزاڭ - شىنجاڭ تاشيول باش ئۇچاستىكىسىنىڭ باشلىقى تۇراخۇن سۇلتان قاتارلىق 30 نەچچە مىللىي «ئەمەلدار») ئۆلارنى تازغۇندا توسۇۋېلىپ نەسىھەت قىلىپ، پەيلىدىن ياندۇرغان. يەنى ھازىچىلاردىن ئاق باغلىغان 40 نەچچە يول ئىشچىسى «ئەمەلدار» لارنىڭ «قاتىلنى چوقۇم جازالاپ بېرىمىز»، «قانغا قان ئېلىپ بېرىمىز» دېگەن ۋەدىسگە ئىشىنىپ، كاشغەرغە كېلىپ، نامايىش قىلىش نىيىتىدىن توختاپ، ۋەقەنىڭ كېيىنكى نەتىجىسىنى كۈتكەن. لېكىن ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئىشچىلارنى رازى قىلغۇدەك بىرەر ئىپادە كۆرسىتەلمىگەن. قاتىل مەسىلىسى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقى سەۋەبلىك پۈتۈن تاشيول لېنىيىسىدىكى 1000 دەك ئىشچى بىلەن قاغىلىق، پوسكام، ياركەنىد، يېڭىسار، كاشغەر قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇنلىغان ئاما بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئارمىيگە نارازى بولۇش كەيپىياتىدا بولۇشقان. بۇ ھالەت بارا - بارا پۈتۈن جەنۇبى شىنجاڭغا «يامان خەۋەر» سۈپىتىدە تارقىلىپ كەتكەن. ئارمىيە - خەلق «ئىتتىپاق»لىقىغا زىيانلىق تەسىرات ئەۋج ئالغان. گاۋشۈي ۋە گاۋشۈي تەرەپ ئارمىيە ئەربابلىرىنىڭ بۇ ئىشقا تۇتقان

پوزىتسىيىسى «بىز ياۋا قوتاز ئاتتۇق، ۋەزىپە ئۆتەپ كېتىۋاتقاندا ئىشچىلار ئورۇنسىزلىق بىلەن يولىمىزنى توستى. تېگىشلىك گېپى بولسا يەرلىك ھۆكۈمەت ئارقىلىق بىزگە دېيىشكە تېگىشلىك ئىدى. قوتازنى ئېتىشنى لىيەنجاڭ بۇيرىغان. گاۋشۈي پەقەت ھەربىي بۇيرۇقنىلا ئىجرا قىلدى. ئۇنى قانداق قىلىپ گۇناھكار دېگىلى بولسۇن؟» دېگەندىن ئىبارەت بولغان. مەرھۇم ھاپىز ئابدۇللاھنىڭ جەسىدى كاشغەرلىك مەشھۇر ئەمەلدارلارنىڭ داغدۇغىلىق ۋەدە بېرىشى ۋە ئاجايىپ قاملاشقان ۋەز - نەسىھەتلىرى بىلەن 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تازغۇندا دەپنە قىلىنغان. ھازىرچىلار ئۆز تەلەپلىرىنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى كۆتۈپ «گەپ ئاڭلاپ» ئىش ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېتىشكەن. سېرىق داۋان دوبەنىنىڭ (بازىنىڭ) يول ئىشچىلىرى يەنى ھاپىز ئابدۇللاھنىڭ خىزمەتداشلىرى مەرھۇمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن جايغا «قان قىرغاق» دەپ نام بەرگەن. يولدا مەرھۇمنىڭ خاتىرە قەبرىسىنى تىكلەپ چىققان. ئۆتكەن - كەچكەن ئىشچىلار ئارىسىدا مەرھۇم ئۈچۈن بۇ قەبرىگە دۇئا قىلىپ ئۆتىدىغان، ئەسلەپ ئېچىنىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن ۋە تەدرىجى بۇ قەبرە كىشىلەرنىڭ بۇ زاماندىن، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدىن، قاتىلنى جازالىمىغان ھۆكۈمەتتىن، ۋەدىسى يالغان مىللىي ئەمەلدارلاردىن ئاغرىنىپ، ئىچىگە تىنىپ، نادامەت بىلەن دۇئا قىلىپ ئۆتىدىغان خاسىيەتلىك جايغا، تاۋاپ قەبرىسىگە

ئايلىنىپ كەتىكەن. خەلقنىڭ (جامائەت پىكرىنىڭ) ۋە يول ئىشچىلىرىنىڭ قاتتىق تەلپى بىلەن ھۆكۈمەت ئاخىرى 1980 ـ يىلى 10ـ ئايدا كاشغەر يېڭىشەھەردە جاۋابكارنى سوتلاش يىغىنى ئاچقان. يىغىن ئېچىلىپ قاتىلغا جازا ھۆكۈم قىلىش باسقۇچىغا كىرگەندە بىر قىسىم ھەربىيلەر جاۋابكارنى سوت ئۈستىدىلا بۇلاپ كەتكەن. سوتچىلار «چارە» قىلالمىغان. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «بۇ توغرا بولمىغان ھەرىكەت، قاتىلنى بۇلاپ كەتكەنلەرنى سۈرۈشتە قىلىش لازىم..» دېگەن ئېلاننى «شىنجاڭ گېزىتى» دە رەئىس ئىسمايىل ئەھمەت نامىدا ئېلان قىلىپ «مۇۋاپىق ھەل قىلىش» تەشەببۇسى تەكىتلىگەن. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى يېڭى ئەنزە كونا ئەنزىگە، تىرىك ئەنزە ئۆلۈك ئەنزىگە ... ئۆزگىرىپ گاۋشۈي ئۈچۈن «ۋاقىت غەنىمەت»لىكى پەيدا قىلىنغا. 1982 ـ يىلىغىچە مۇناسىۋەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي ئورۇنلار مەرھۇمنىڭ ئائىلە تەۋەسىدىن (مەرھۇمنىڭ ئانىسى قەمبەرخان باشلىق كىشلەردىن) ھال سوراش، نەپەقە بېرىش «رازى قىلىش»، «قايىل قىلىش»، «چىرايلىق ھەل قىلىش» خىزمىتىنى ئىشلەپ «نەتىجە» قازانغان. 1984 ـ يىلى 9 ـ ئايدا (قۇربان ھېيت بايرىمىدا) ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ سابىق سىلىگيۈەنى شاۋچيەنفۇ باشلىق رەھبەرلەر ھاپىز ئابدۇللاھنىڭ ئائىلىسىگە ھال سوراپ كېلىپ «ئارمىيە خەلق ئىتتىپاقلىقى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»

تەربىيــسى ئىــشلەپ، قەمبەرخــاننى «مەن گاۋشــۈينى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن، مەن ئۇنى ئۆز ئوغلۇم قىلىشنى، ئۇنىڭ ئەركىن ياشىشنى تەلەپ قىلىمەن» نى «شىنجاڭ گېزىتــى» 1985 ـ يىلــى 8 ـ ئاينـــڭ 5 ـ كۈنـــدىكى سانىدىن) دە ئــېلان قىلغــان. دېــمەك، ھۆرمەتلــك ئانــا ئوغلىنىڭ خۇنىدىن كەچكەن. قاتىلنى «بـالام» دېـگەن زۇۋانى بىــلەن پۈتــۈن جەمئىيەتتىكى مىللــي ئۇچقۇننى (مىللىي ھېسسىيات ئۇچقۇنى ئەلۋەتتە) ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئويۇننى ئوينايدىغان بىچارىگە ئايلىنىپ قالغان. پۈتــۈن يــول ئىــشچىلىرى ئارىــسىدا قــان قىرغــاقتىكى قەبرىنــى ئۆرۈۋېتـــپ، قەبــرە قاتۇرماســلىق تەربىيـــسى قانـــات يايــدۇرۇلغان. ئەمەلــي «خىــزمەت»لەر جانلانــدۇرۇلغان. شـــۇنداق قىلـــپ 1984 ـ يىلـــى 10 ـ ئايـــدا قەبـــرە چېقىۋېتىلگەن. ئىشچىلار نـارازى بولـۇپ، قەبرىنـى قايتـا قاتۇرغــان. قــاتۇرۇش، چېقــۋېتىش بىــر نەچــچە قېــتىم تەكرارلانغان. ئاخىرى 1984 ـ يىلى 12ـ ئايدا قەبرىنىـڭ چېقىلغىنـــى چېقىلغـــان بولـــۇپ، قايتـــا ياســـاش چەكلىــۋېتىلگەن. 1984 ـ يىلــى 12 ـ ئايــدا مەركەزدە چېقىــدىغان «جېفاڭجۇنبــاۋ» نىــڭ مەخــسۇس مــۇخبىرى ۋاڭ جىيەنگــو مەركەزنىــڭ ھاۋالىــسىگە ئاساســەن بـــۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن.

1985 ـ يىلــى 5 ـ ئايــدا شــىنخۇا ئــاگېنتلىقى مــۇخبىرى گــوي دېجــۇڭ قاتــارلىق بىــر قىــسىم «كاتتــا» مــۇخبىرلار كېلىپ بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ قايتقـان. شـۇندىن كېـيىن

پۈتۈن ئىشچىلىرى نامىدىن خۇياۋباك، يوجولى لارغا «مەسلىنىڭ ھەل بولغانلىق خۇش خەۋىرى» تېلېگىراممىا قىلىپ يوللانغان.
دېمەك، خەلق ئاغزىدىكى «قوتاز ۋەقەسى» ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشقان.
مەن ۋەقە يۈز بەرگەن سېرىق داۋان دوبەننىڭ ئالدىدىكى بۇ جاينى كۆز يېشىم بىلەن زىيارەت قىلدىم. مەرھۇمنىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە قېلىن قار ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، مەرھۇمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن يەرگە ئۇزاق دۇئا قىلدىم. ئامىن!

4 ـ «كۆسەي ئىنقىلابى»
«مەسجىد ۋەقەسى»

قاغىلىق بازىرىنىڭ تۆگىچى كوچىسىدا «تۆگىچى كوچا مەسجىدى» دەيدىغان بىر كۆركەم مەسجىد بار ئىدى. ئادەتتە 400 دەك جامائەت ناماز ئوقۇيتتى. 1960 ـ يىلى بازارلىق ھۆكۈمەت بۇ مەسجىدنى خەلقتىن تارتىۋېلىپ «پىلە خانا» يەنى پىلە باقىدىغان ئورۇن قىلىۋالغان. («بازار كوممۇناسىنىڭ پىلە كارخانىسى» دەپ تاختاي ئېسىۋالغان. 1961 ـ يىلى خەلقنىڭ قاتتىق تەلىپى بىلەن مەسجىد خەلققە ياندۇرۇپ بېرىلگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن 1975 ـ يىلى بۇ مەسجىدنى قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئۆتكۈزۈۋېلىپ،

چىقىپ، بۇزۇپ ياغاچ ـ تاشلىرىنى سىياسىي كېڭەش ئىدارىسىگە ئەكەتتى. مەسجىدنىڭ ئورنىنى بىر سائەتچى خەنزۇ (ئېقىپ كەلگەن) گە ئۆي، دۇكان سېلىۋېلىشقا بەرگەن. لېكىن خەنزۇ ئالغىلى ئۇنىماي باشقا يەردىن ئۆي ئورنى ئالغان. سىياسىي كېڭەش ئادەملىرى ئاخىرى مەسجىدنىڭ ئورنىنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ كادىرى ئىدرىس تۇختى دېگەن كىشىگە ئەرزان سېتىپ بېرىپ پۇلنى كىرىم قىلغان. ئىدرىس تۇختى مەسجىدنىڭ قالدۇق تاملىرىنى چېقىپ، تۈزلەپ يېڭىدىن ئۆي سېلىشنى باشلىغان. خەلق نارازى بولۇپ، «مەسجىد يېرىگە مەسجىد سالىمىز، مەسجىد يېرى قولىمىزغا قايتۇرۇپ بېرىلسۇن، ھۆكۈمەتكە پۇل لازىم بولسا، قانچە پۇل دېسە بېرەيلى» دېگەن پىكىرنى تەكرار ـ تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇشقان بولسىمۇ، ئاقمىغان. «قالاق پىكىر»، «يامان ئادەملەرنىڭ پىكرى» دەپ رەت قىلىۋېتىلگەن. ئىدرىس تۇختى ئۆي سېلىشنى توختاتمىغان. ئاما نارازى بولۇپ، كېچىلىرى تاملىرىنى ئۆرۈۋېتىپ تۇرغان. ئىدرىس تۇختى كۈندۈزى تام سالدىغان، خەلق كېچىلىرى ئۆرۈۋېتىدىغان ھالەت خېلىغىچە تەكرارلانغان. ئىدرىس تۇختى بۇ ئىشنى شۇ مەھەللىدىكى بارات موللامدىن كۆرۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھامان ئۆينى سېلىپ كۆچۈپ كىرىۋالغان. ئاما بىلەن تىغمۇ تىغ زىددىيەتلىشىپ، خەلقنىڭ نەزىرىدە «نەپرەتلىك دۈشمەن»، «زومىگەر ئىت»قا ئايلانغان.

خەلقنىڭ ماڭىدىغان يولىغا تەكرار - تەكرار سۇ قويۇپ بەرگەن، خەلقنى كۆزگە ئىلمىغان، «تاقابىل» تۇرغان. ناھىيىلىك يىغىۋېلىش پونكىتىغا سولاپ قويۇلغانلارنى ئەكىلىپ ئىشقا سېلىش، پوسقا قويۇش، خەلقنى قورتۇتۇش... تا ئۆزىنىڭ گۇجاڭلىق ئەمەلىدىن راسا پايدىلانغان. 1980 - يىلى شۇ كۇچا خەلقى ھۆكۈمەتنى مەسجىد يېرىنى خەلقنىڭ مەسجىد سېلىشىغا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس يازغان. ھۆكۈمەت تەرەپ مەسجىد سېلىشقا باشقا يەر ھەل قىلىپ بېرەيلى دېگەن جاۋابنى بەرگەن. خەلق ئۇنىماي «ئەسلى مەسجىد يېرىنى ئالىمىز» دېيىشىپ قاتتىق تۇرۇۋشقان. ئاخىرى ھۆكۈمەت ئۆي سېلىۋېلىشقا باشقا يەر بېرىشنى، مەسجىد ئورنىنى خەلققە بوشىتىپ بېرىشنى تاپىلىغان. ئىدرىس تۇختى ئۆي سېلىش چىقىمىنى باھانە قىلىپ، يەنىلا خەلق بىلەن زىتلاشقان. ئاخىرى جامائەت ئىدرىس تۇختىغا ئۆي سېلىش پۇلى (ئۆي سالغاندا بولغان ئومۇمىي چىقىمىدىن ئاشۇرۇۋپراق) يىغىپ ھۆكۈمەت ئارقىلىق بەرگەندىمۇ يەنىلا مەسجىد ئورنىنى بوشاتقىلى ئۇنىمىغان. مەسجىد ئەسلى چىقىمىنى ھېچكىممۇ سۈرۈشتە قىلمىغان. 1981 - يىلى 1 - ئايدا خەلق مەسجىد سېلىشقا ماتېرىيال تопلاپ ۋە توشۇپ مەسجىد ئەتراپىغا دۆۋىلىگەن. ئامىمىنىڭ بېسىمى بىلەن ئاخىرى ئىدرىس تۇختى كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. لېكىن ئۆيلەرنى بوشاتماي ئىشكلىرىگە قۇلۇپ سېلىۋالغان.

«كۆچۈپ بولالمىدىم»، «ئۆيدە تېخى بىر نەرسىلىرىم بار» دەپ ۋاقىتنى سوزىۋەتكەن. خەلق قۇرۇلۇش باشلىيالمىغان. ئاخىرى جامائەت ۋەكىللىرى بۇ ئىشكلەرنى ئېچىپ، ئۆيلەردىكى ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇپ، مەسجىدنى ياساپ پۈتتۈرگەن. 1981 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەسجىدنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن. شۇ مۇراسىمدىلا مەسجىدنىڭ ئىمام، مۇئەززىنلىرى تەيىنلەنگەن. بۇ مەسجىدنىڭ پەرداز قۇرۇلۇشى جىددى قىلىنىۋاتقان پەيتتە ئىدى. 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (مۇراسىم بولۇپ 2 - كۈنى) مەسجىدكە تۇيۇقسىز ئوت كەتكەن. مەھەللە خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئوت ئۆچۈرۈشكە كىرىشكەن. ناھىيىلىك رادىئو ئۇزۇلى بۇ خەۋەرنى دەرھال ئاڭلاتقان (ھاۋاخان ئاڭلاتقان.) مەسجىد ئىنتايىن زىچ مەھەللىدە تۇتاش ئۆيلەر بىلەن تۇتۇشۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن كوچىغا ھەتتا پۈتۈن ناھىيە بازىرىغا ئوت تۇتۇشۇپ كېتىش خەۋپى پەيدا بولغان، ھۆكۈمەت ئوت ئۆچۈرۈشكە ئارىلاشمىغان. بازار خەلقى مەسجىد تەرەپكە ئاققان. مەسجىد ۋە مەسجىدنىڭ پۈتۈن نەرسىلىرى كۈلگە ئايلانغان. ناھىيىلىك ساقچى باشلىقى ھوشۇر مامۇت، ئاينۇرا ھاپىز قاتارلىق ئەمەلدارلار بىتەرەپ، كۆرمىگەن بولۇپ تۇرۇشقان. خەلق ئارىسىدا «ئىدرىس تۇختى مەسجىدنى كۆيدۈرۈۋەتمىسەم دەپ توپاكاۋاتقان» (كۆيدۈرۈشكە

قەسەم ئىچكەن دېمەكچى) دەپ گەپ تارقىلىپ كەتكەن. دېمەك، خەلقنىڭ نەزىرىدە «بۇ ئوتنى ئىدرىس تۇختى قويىدى» دېگەن قىياس ئۇيۇشتۇرۇلۇشىغا تۇرتكە بولغان. شۇنداق قىلىپ خەلق ھۆكۈمەتتىن ئوت قويغان جىنايەتچى ئىدرىس تۇختىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. خەلقنىڭ نارازىلىق كۆتۈرۈلۈشى بولىۋاتقاندا، ئىدرىس تۇختى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا كىرىۋالغان. ساقچى ئىدارىسمۇ ئۇنى قاتتىق قوغدىغان. ۋەقە بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ ۋە 15 ـ كۈنلىرى خەلق ناھىيە بازىرىدا نارازىلىق نامايىش ئۆتكۈزگەن. ناھىيە ھاكىمى مۇسايىۋنى تۇتۇۋېلىپ ھەيدەپ بېرىپ، كۆيگەن مەسجىدنى كۆرسەتكەن. 15 ـ كۈنى كاشغەر ۋالىسى ئىيسا شاكىر بىلەن ۋىلايەتلىك ئىدارىلەردىن بىر قىسىم مىللىي ئەمەلدارلار قاغىلىققا پەيدا بولۇپ، خەلقتىن نامايىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلغان. لېكىن خەلق «ھۆكۈمەت ئوت قويغان ئادەمنى تېپىپ بەرسۇن» دەپ ۋارقىرىشىپ نامايىشنى توختاتمىغان. نامايىشچىلار قوشۇنى 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. خەلق ناھىيىلىك ساقچى باشلىقى ھۇشۇر مامۇتنى ئالدىغا سېلىپ، ناھىيىلىك ساقچىدىن ئىدرىس تۇختىنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئىدرىس تۇختىنىڭ ناھىيىلىك ساقچىغا قېچىپ كىرىۋېلىشى، ناھىيىلىك ساقچىنىڭمۇ ئۇنى ئەلدىن يوشۇرۇپ ساقلىشى خەلقنىڭ «مەسجىدكە ئىدرىس

تۇختى ئوت قويۇەتتى» دېگەن گۇمانىنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن. 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كاشغەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ جىددىي بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن ناھىيىدە ھەربىي ھالەت جاكارلانغان، ئىش تېخىمۇ چوڭايغان. خەلق مەسجىدنىڭ چالا كۆيگەن ۋاسا، ياغاچ پارچىلىرىنى جەينەماز كۆيۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ «يوقالسۇن بېسىم»، «ياشىسۇن ئىسلام جەمئىيىتى»، «دىنىمىزنى جان تىكىپ قوغدايلى» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىشىپ، كوچىمۇ كوچا نامايىشنى ئۇلغايتقان. «جىنايەتچىنى تۇتايلى» دەپ ۋارقىراشقان. 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى قاغىلىق بازىرىنى ھەربىيلەر قاپلاپ كەتكەن. پۈتۈن يول ئېغىزلىرى ھەربىي قامال قىلىنغان. نامايىشچىلارمۇ قاغىلىقنىڭ ئوشاقباش، كۆكيار قاتارلىق يېراق يېزىلىرىغا، گۇما، پوسكاملارغا مەدەت بېرىشنى سوراپ ئادەملەرنى ئەۋەتكەن. لېكىن ھۆكۈمەت، ئارمىيە تەرەپ خەلقنى جىمىقتۇرۇشنىڭ ھەممە تەدبىرلىرىگە جىددىي تەييارلىق كۆرگەن. قاغىلىقنىڭ مەشھۇر «موللىسى» مەخسۇم ھاجىنى نامايىشچىلارغا نامايىشنى توختىتىش ۋەزى ئېيتىشقا قاغىلىق جامەسىنىڭ پەشتىقىغا چىقىرىپ «ھۆكۈمەت ئەمرىگە بويسۇنۇش» ۋەزىسىنى قىلدۇرغان. خەلق ئۇنىمۇ ئاڭلىماي نامايىشنى داۋاملاشتۇرغان. خەلق ئىچىدە ئابدۇكېرىم قارىم بىر جەينامازنىڭ ئوتتۇرسىنى تېشىپ، بوينىغا ئۆتكۈزۈپ، مەخسۇم ھاجىنىڭ نەسىھەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن. نامايىشنى

ئۇلغايتقان. نامايىشچىلارنىڭ بىر بۆلىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا تەلەپ قويۇپ بېسىپ كىرگەندە، ھەربىي، ساقچىلار توك كالتەكلىرى بىلەن ئاممىنى ئۇرۇپ، نەق مەيداندىلا 104 ئادەمنى قولغا ئالغان، ئابدۇكېرىم قارىم، مۇھەممەد تۇخسۇنجان، ئۆمەرجان مەخسۇملارنى نامايىشچىلارنىڭ ۋەكىللىرى، يېتەكچىلىرى دەپ ئالاھىدە تۇتۇش داغدۇغىسى بىلەن ھەيۋە قىلىپ، نەق مەيداندىلا ئۆمەرجاننى 10 يىللىق، ئابدۇكېرىم قارىنى 8 يىللىق، توخسۇنجاننى 6 يىللىق قاماققا (تۈرمىگە) ھۆكۈم قىلغان. نامايىشنى «ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت» دەپ بېكىتكەن. 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان بۇ نامايىشنى باستۇرۇش ئۈچۈن خوتەن، كاشغەر تەرەپلەردىن 300 ماشىنىدا ھەربىي يۆتكەپ كېلىنگەن. (يەرلىكتە 15 مىڭدىن كۆپرەك ھەربىي بار ئىدى) 10 نەچچە ئايروپىلان ھاۋادىن ھەيۋە قىلىپ، قاغىلىق بازىرىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەن. ناھىيىنىڭ پۈتۈن قاتنىشى توختىتىلغان. يۈرۈش - تۇرۇش كىنىشكىلاشتۇرۇلغان. دۇكانلار تاقىۋېتىلگەن. ئوقۇش توختىتىلغان. 15 كۈن ھېچقانداق دۇكان ئېچىلمىغان. تۇتقانلارنى ئىنتايىن قاتتىق ئۇرغان. بۇ خىل ئۇرۇشقا ھۇشۇر مامۇتنىڭ ئوغلى يېتەكچىلىك قىلغان. پۈتۈن بېسىقتۇرۇش، ھەربىي ئىدارە قىلىش 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە داۋام قىلغان. يۇقىرىقى ھۆكۈمەت قىلىقلىرىنىڭ «باشلىقى» تۇراق

«سىلىك» دېگەن كىشى بولغان... نامايىشچىلار قورallىق بېسقتۇرۇلۇش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەسجىدنىڭ چالا كۆيگەن ياغاچلىرىنى (چۇچۇلا كۆسەيلىرىنى) كۆتۈرۈشۈپ (كۆسەي كۆتۈرگەنلەر سەپلىرىنى تۈزۈشۈپ) يۈرگەنلىكى ئۈچۈن بىر قىسىم يەرلىك كىشىلەر بۇ ھەرىكەتنى «كۆسەي ئىنقىلابى» دەپ ئاتاشقان. ھۆكۈمەتمۇ بۇنى «ياغاچ»، «كالتەك» توقماقلار بىلەن كۆتۈرۈلگەن «ئەكسىلئىنقىلاب»، ئۇلارنىڭ شوئارى «ياشىسۇن ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەندىن ئىبارەت. «نوقۇل مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى» دېگەندەكناملار بىلەن باھالىغان. لېكىن خەلق بۇ نامايىشقا ياغاچ كۆيۈكلىرىنى پاكىت ئۈچۈن كۆتۈرۈشكەن. «ياشىسۇن ئىسلام جەمئىيىتى» دەپ توۋلاشقان. لېكىن نامايىشنى باستۇرغۇچىلار 100 نەچچە كىشىنى تۇتۇشقا، ياغاچ پارچىلىرىنى «قورال» دەپ «ئىسلام جەمئىيىتى» سۆزىنى «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئۆزگەرتىپ بېسقتۇرۇشنىڭ «جىنايەت» دەسمايىسى قىلىشقان.

بۇ ۋەقەنىڭ ئاتالمىش «جىنايەتچى يېتەكچىلىرى»نىڭ ئالدى 4 يىل، ئاخىرىسى 3 يىل تۈرمىدە تۇتۇلۇپ قويۇپ بېرىلگەن. مەسجىدنى ياساشقا ھۆكۈمەت 5000 يۈەن ياردەم بەرگەن. مەسجىد 85 ـ يىلى پۈتۈپ خەلق «نارازىلىقى» «ھەل» قىلىنغان. لېكىن قاغىلىق خەلقىنىڭ بۇ قېتىم بىر گۇڭگەن خادىمى — ناھىيىلىك ساقچىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىدرىس تۇختى ئۈچۈن

ھۆكۈمەتنىڭ خەلقكە كۆرسەتكەن يۇقىرىقىدەك «كارامىتى» مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. ناھايەت ئىدرىس تۇختى ئۈرۈمچىگە يۆتكىۋېلىندى؟ خالاس.

5 ـ بالا ۋەقەسى
(20 ـ ئاۋغۇست ۋەقەسى)

1980 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇست كۈنى، قاغىلىق ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولدا 11 ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى (ئۇيغۇر) بىر ھەربىي ماشىنا (شوپۇرى بىر ھەربىي خەنزۇ) مېڭىسىدىن بېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بالىنىڭ دادىسى 7 ـ ماي مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. بۇنى ماشىنىنىڭ بەك تېز ھەيدەلگەنلىكىدىن بولغان ھادىسە دېيىشكە بولاتتى. شوپۇر دەرھال ناھىيىلىك ساقچىغا كىرىۋالىدۇ. جەسەت كوچىدا 3 سائەت تۇرۇپ قالىدۇ. ئاخىرى بۇنى كۆرگەن كىشىلەر بالىنى 3 مېتىر خەسىگە ئوراپ (تولىسى ياشلار) تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. كېيىن جەسەت كىنوخانا ئالدىغا يۆتكەپ قويۇلىدۇ. بىر ياش بالا جەسەتنىڭ بېشىدا تۇرۇپ جامائەتكە نۇتۇق سۆزلەيدۇ. «... بىزنى ئۇلار مۇشۇنداق يەنجىپ تاشلاۋاتىدۇ. بىزگە ئىگە يوقمۇ؟ قاتىل كىم؟ ئۇنى كىم ھىمايە قىلىپ ساقلاپ تۇرىۋاتىدۇ؟ نېمىشقا؟ خالايىق! بۇ خىل پائاجىئەلىك

ئىشقا چىداپ تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ قانغا قان، جانغا جان ئالايلى....ھۆكۈمەت قاتىلنى قاتتىق جازالاپ بەرسۇن...»
بۇ نۇتۇق خەلقكە تەسىر كۆرسەتتىدۇ. جەسەت ئەتراپىغا توپلانغانلار بىرەر مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇ ئارىدا كوچىدىن ئىككى خەنزۇ بالىسى ئۆتكەندە، بىر ئىككى ئۇيغۇر بالا ئۇلارنىڭ پۇتىغا تاش ئاتىدۇ. خەنزۇ بالا قېچىپ كېتىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇيغۇر ياشلار كوچىدىن ئۆتكەن خەنزۇ شوپۇرلارنى ئۇرىدىغان، بەزىبىر كوچا كەزدى خەنزۇ ياشلىرىنى ئۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋال باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا كىنوخانا باشلىقى ياسىن بەگ 30 نەچچە خەنزۇنى كىنوخانىنىڭ ئۆيىگە يىغىپ يوشۇرۇپ ئۇلارنى تاياقتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. (كېيىن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «نەمۇنە» چى بولۇپ مۇكاپات ئالغان.) قاغىلىق ساقچىلىرى، بىر قىسىم قوغداش خىزمەتچىلىرى، مىنبىڭلار، ھەربىيلەر (بۇ ھەرىكەتنى باستۇرۇشقا كىرىشىدۇ. 100 گە يېقىن ئۇيغۇر ياشنى تۇتۇپ قامايدۇ. ئەگەشكەن خەلقنى ئۇرۇپ، تىللاپ تارقىتىۋېتىدۇ. تۇتۇلغانلار ئاساسەن جەمئىيەت ياشلىرى ئىدى. نۇتۇق سۆزلىگەن بالا تۇردى موللام دېگەن كىشىنىڭ بالىسى بولۇپ، ئۇمۇ «بۇ ۋەقەنىڭ يېتەكچىسى» دېگەن نام بىلەن قاتتىق ئۇرۇلۇپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. بۇ ۋەقە بولۇپ ئەتىسى قاغىلىقتىكى خەنزۇلار (ئاساسەن ئىدارە جەمئىيەت خەنزۇلىرى) نامايىش قىلىپ، بۇ ھەرىكەتنى «ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت» دەپ

سۆكىدۇ. ھەرىكەت باشچىلىرىنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت پۈتۈن قاغىلىقنى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋېتىدۇ. جەسەت كۆتۈرگەن بالا بىلەن تۆردى موللامنىڭ بالىسىغا سوتلاش يىغىنى ئېچىلىدۇ. خەلق سوت ئورنىنى ئىزدەپ ھۆكۈمەتنى بىئارام قىلىۋېتىدۇ. خەلق بالىلارنى تەلەپ قىلىپ تارقىلىپ كەتمەيدۇ. ئاخىرى ھۆكۈمەت بالىلارنى بىر يىللىقتىن «كەستۈق» دەپ ھۆكۈم ئېلان قىلغاندا، خەلق ئۇ بالىلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ سوتقا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئىمىن نىياز ھىداي دېگەن بىر ئوقۇتقۇچى بالىلارنى ئاقلاپ ئادۋۇكاتلىق قىلىدۇ. داۋادا ئۇتىدۇ. كېيىن ئوقۇتقۇچى قاغىلىقتىن ئۈرۈمچىگە ئالمىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ «بالا ۋەقەسى» ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

6 ـ «مەشئەل نامايىشى»
(ئەنجانلىقلار ۋەقەسى)

1979 ـ يىلى قاغىلىق بازىرىنىڭ ئەنجان مەھەللىسىدە (يېتىم لوقۇم يېزىنىڭ بىر كەنتىدە) ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا مەسجىد ۋەقەسى يۈز بەردى. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق: ئەنجان مەھەللىسىدىكى «ئەنجان مەھەللە مەسجىدى» (بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ مەھەللە بىلەن مەسجىد 80 ـ يىللاردىن 50 ـ يىل بۇرۇن بىنا بولغان) داجەيىدىن ئۆگىنىش يىللىرىدا يەنى

گۆڭشلىشىش ئومۇملاشقان يىللاردا گۆڭشى ـ دۆلەت تەرىپىدىن ئىگەللىنىپ «سامانخانا» قىلىنغان. كېيىنرەك كالا قوتىنىغا ئۆزگەرتىۋېلىنغان. 1979 ـ يىلى مەھەللە خەلقى مەسجىدنى ياساش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مەسجىد ئەتراپىغا ماتېرىيال توپلىغان ھەم مەسجىد ياساشنى تەستىقلاپ بېرىش توغرىسىدا تۆۋەن ـ قائىدە بويىچە سىياسىي كېڭەشكە تەلەپنامە سۇنغان. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بۇ ئىشنى بېجىرىدىغان كادىرى ئۆمەر باقى ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ جىم بولىۋالغان. ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ باشلىقى (شۇجىسى) شىڭەنۋۇ (خەنزۇ) يېتىم لوقۇم يېزىسىنىڭ 14 ـ دادۈيىدە (كەنتىدە) نەخ مەيدان يىغىنى ئاچقاندا ئۆز ئادەملىرىنى (كادىرلارنى) بۇ مەسجىد ئۈچۈن خەلق توپلىغان ياغاچ ـ تاش ۋە باشقا نەرسىلەرنى مۇسادىرە قىلىشقا بۇيرىغان ھەم بۇ مەسجىدنى سالغۇزماسلىقنى تاپىلىغان. يېتىم لوقۇم يېزىلىق پارتكومنىڭ باشلىقى ئىدرىس نۇر 2 چوڭ تىراكتۇر بىلەن يېزا ـ كەنت كادىرلىرىدىن 40 ـ 50 كىشىنى باشلاپ كېلىپ ماتېرىياللارنى مۇسادىرە قىلىپ، تىراكتۇرلارغا بېسىپ ئەكىتىشكە كىرىشكەن. بۇ قىلمىشقا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈپ بۇ يەرگە توپلاشقان 70 ـ 80 ئادەم (بىرەر يۈز ئائىلە كىشىلىرى) قاتارلىشىپ ماتېرىياللارنىڭ ئۈستىگە رەتلىك ئولتۇرۇۋېلىپ يۆتكەپ كېتىشكە نارازىلىق بىلدۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىن توخسۇنجان دېگەن بىرسى بىر قولىدا مەسجىدكە

يىغىلغان قىشتىن بىرنى، يەنە بىر قولىدا بىر كالتەكنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئەنگلىيە، فرانسىيىدىن كېلىپ جۇڭگودا بۇتخانىلارنى سالسا بولىدۇ - يۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ يېرىگە ئۆزىمىز مەسجىد سالساق نېمىشقا بولمايدۇ؟ شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا مەسىلەن، نوقۇل مۇسۇلمانلار رايونلىرىدا باشقىلار بۇتخانىلارنى سېلىۋاتىدۇ، ئۇنى نېمىشقا توسۇپ قالمايسىلەر؟.... دەپ ئۇلار بىلەن زاكۇنلاشقان. شۇنداق قىلىپ ھۆكۈمەت كىشىلىرى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا قاتتىق توقۇنۇش بولغان. كەچتە مەھەللىدىن 150 كە يېقىن كىشى (ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەر) نارازىلىق نامايىشى — (كەچلىك مەشئەل نامايىشى) ئۆتكۈزگەن. ھۆكۈمەتمۇ دەرھال ناھىيىدىكى كادىر، ساقچىلارنى يىغىپ بېسىقتۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسرائىل ئىسكەندەر بىلەن ناھىيە ھاكىمى مۇساپۇۋ بىر توپ كادىر، ساقچىنى «ھەمراھ» قىلىپ نامايىشچىلار ئالدىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەكىتلىگەن، نامايىشچىلارمۇ مۆمىن قارىم (90 ياشلىق كىشى)، ئاخۇنجان، سابىر ئىشانلارنى ۋەكىل قىلىپ سۆھبەتكە قاتناشتۇرغان. ئىسرائىل ئىسكەندەر سۆھبەت باشلىنىش بىلەنلا «تەربىيە» ئاھاڭىدا مۆمىن قارىغا: «... ۋاي ئاتا سىلىنىڭ باللىرىدەك ئادەم...» دەپ بولغۇچە مۆمىن قارى بىلەن سابىر ئىشان «... بىز سىنىڭ ئاتاڭ ئەمەس، ئاتاڭ بېيجىڭدە، ئاتاڭنى تېپىپ

ئاتــا دېگـــن ئەبــلەخ..» دېــگەن ســۆز بـــلەن ئۇنـــڭ داۋىسنى بەرگەن. سۇركېلىش كـۈچەيگەن. تۇتۇشـۇش، بۇغۇشــۇش باشــلانغان. ئارـــدىن ئـــاز ئۇتــۇپلا كـــادىر، ســاقچىلار خەلقـتىن دەككـسنى يەپ قېچىــپ يوقالغــان. خەلــق شــۇ كېچــدىلا مەســجىدنىڭ تېمنــى قوپــۇرۇپ بولغــان. ئەتــسى مەسـجىد پـۈتەي دېگەنـدە ناھىيلىـك ھۆكــۈمەت ئۇلارنـــڭ ۋەكىللـــرىگە زىيـــاپەت بېرىـــپ ئۆزلىرىدىن ئۆتكەن خاتالىقنى «بىر قـسىم كـادىرلار» غـا دۆڭــگەپ خەلقـكە نامــاقۇل بولغــان. مەسـجىد ناھــايىتى كۆركەم ياسالغان. شـۇنداق قىلىــپ «مەشئەل نامايىـشى» تاماملانغان.
(1986 ـ يىل ئۆكتەبىر قاغىلىق)

7 ـ خوتەندە «ئىسلام ئىنقىلابى»
(ئابدۇلھەمىد داموللام ھەرىكتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى)
(1955 ـ يىل 5 ـ ئاي خوتەن ـ كېرىيە)

1954 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كـۈنى مەن خـوتەن ۋالـى مەھكىمـــسىنىڭ كىچــك مەرىــكە زالــدا يېڭــى يىلنــى تەبـــرىكلەش يىغىنىغـــا قاتنـــشىۋاتاتتىم. يىغنـــدا شـــۇ چاغـدىكى خـوتەن ۋالـسى نەبىجـان، يەرلىـك كومىتېـت شۇجىسى كـاڭ جـاڭ، خـوتەن ۋىلايەتلىـك ساقچىـسىنىڭ باشلىقى ئەمەت قـۇل، خوتەنـدىكى مىللـي ئـارمىيە 39 ـ

پولكىنىڭ باشلىقى سايتوپ، خوتەن يەرلىك كومىتېت تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى خۇاڭجاڭ باشلىق خوتەندىكى ۋىلايەتلىك، ناھىيلىك ئىدارىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەربىي باشلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بار ئىدى. تەبرىكلەش زىياپىتى تازا قىزىغان (سائەت بىر بولغان) ئىدى. 1955 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كېچە سائەت بىر يېرىمدە (يىل ئايرىلغان سائەتتە) زالغا ئىگىز بويلۇق بىر ئۇيغۇر ساقچى ئەمەلدارى ئەدەپ بىلەن كىردى ـ دە، ئەمەت قۇلنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. ساقچى باشلىقى ئەمەت قۇل ۋالى نەبىجان بىلەن كاڭ جاڭنى تاشقىرى زالغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. 5 مىنۇتتىن كېيىن ۋالى ئۈنلۈك قىلىپ زىياپەتتە: «سىلەر ئۆز ئادەم... بىر بۆلۈم تەتۈر ئىنقىلابچىلار قوزغىلىپ ئاتچۈي لاۋگەيدۈيدە 7 كادىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ماشىنا، قۇراللارنى بۇلاپ شەھىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپتۇ... دەرھال قوراللىنىپ ئۆزىمىزنى، ۋالى مەھكىمە بىلەن يەرلىك كومىتېتنى قوغدايلى... ۋەزىيەت بەك جىددى..» دېدى. بىرەر سائەتكە قالماي ۋالى مەھكىمە بىلەن يەرلىك كومىتېت كادىرلىرىغا مىلتىق تارقىتىلدى. ۋالى مەھكىمە بىلەن يەرلىك كومىتېت ئارىلىقىدىكى تامدىن ئىشىك ئېچىلىپ بىر توتاش قوراللىق مۇداپىئە سېپى راسلاندى.
سائەت 3 لەردە ۋالى نەبىجان بىزگە «توپىلاڭچىلارنىڭ ئېلانىنى كۆرۈپ بېقىڭلار نېمىدېگەن قورقمىغان ھە...»

دەپ يوغان 2 پارچە باسما ئېلاننى كۆرسەتتى. ئېلاندا: «بىز ئاللاھ يولىدا زۇلۇم زورلۇقتا، كاپىرلارنىڭ ئىزىشكە چىدىماي، دىنىمىزنى، مىللىتىمىزنى، تارىخىمىزنى، يۇرتىمىزنى قوتقۇزۇش، ئادەملەردەك جاھان تۇتۇش ئۈچۈن جاننى پىدا قىلىپ ئىنقىلاب ئاچتۇق. مەقسىتىمىز زالىم كاپىرلارنى يۇرتىمىزدىن قوغلىۋىتىش، ئازاتلىقتا چىقىش... شۇڭا پۇقرالار مال ـ مۈلكۈڭلەرگە ، جېنىڭلارغا پوختا بولۇپ، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇڭلار. ھۆكۈمەت ئادەملىرى، قولۇڭلاردىكى ھۆكۈمەت مال ـ مۈلكنى بوزماڭلار، قاتتىق ساقلاڭلار، بىزگە ئەل بولۇڭلار، ئوخشاشلا ئۆز قېرىنداشلىرىمىز دەپ مۇئامىلە قىلىمىز.
ئەسكەر، ساقچىلار تەسلىم بولۇڭلار، ئۆلتۈرمەيمىز، خورلىمايمىز، ياشاش يولى بېرىمىز... خەنزۇ ئەمەلدارلار، ساقچىلار، كادىرلار، ھەربىيلەر قارشىلىقنى توختىتىپ تەسلىم بولساڭلار پۇل بېرىپ يۇرتۇڭلارغا چىرايلىق يولغا سېلىپ قويىمىز. ئەل بولۇپ پوقرا بولىمىز دېسەڭلەر قوبۇل كۆرىمىز، خورلىمايمىز، مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىمايمىز، كونا ھېسابنى ئالمايمىز...» دېگەندەك سۆزلەر ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان ئىدى. ئېلاننىڭ ئاستىغا: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلامى مەشھۇرىيەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئابدۇلھەمىد دامۇللا ھەزرەت، مەشھۇرىيەت كېڭىشىنىڭ ھەربىي رەئىسى پەتھىددىن» دېگەن ئىسىملار ئوچۇق يېزىلغاندىن كېيىن «1955 ـ

مىلادىيە يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى» دېگەن ۋاقىت چۈشۈرۈلگەن ئىدى.

«توپىلاڭچىلار» خوتەن شەھىرىنىڭ «تۆمۈر دەرۋازىسى» تەرىپىدىن 4 قارا ماشىنىدا، قىسمەنلىرى ئاتلىق، تولىسى پىيادە كالتەك، چوماق، تۆمۈر، ئارە، قىسمەن مىلتىق (لوگەيدۇي كادىرلىرىدىن تارتىۋالغان 14 تال مىلتىق 3 تاپانچا، 11 خەنجەر) پىچاقلار بىلەن قوراللىنىپ جەمئىي 360 ئادەم شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان ئىدى. ئۇلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن 3 سائەت بۇرۇن (كەچ سائەت تەخمىنە 10 لاردا) خوتەن شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 7 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى ئاتچوي دېگەن يەردىكى لوگەي (ئۆزگەرتىش تۇتۇپ تۇرۇش) تۈرمىسىگە ھۇجۇم قىلىپ تۈرمە كادىرى، ساقچىلىرىدىن 7 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قىسىم لۈگەيلەرنى بوشىتىپ، لوگەي ئورنىنىڭ 4 قارا ماشىنىسى بىلەن بىر قىسىم ئۇلاقلىرىنى، بىر بۆلۈك قورال، ئوق ـ دورىلارنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. ئۇلار شەھەرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئەڭ ئالدى بىلەن خوتەن شەھىرىدە تۇرۇشلۇق 39 ـ مىللىي پولك (سابىق مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى)، مىللىي ساقچى، مىللىي ئەسكەرلەردىن 3000 دىن ئارتۇق مۇنتىزىم قوراللانغان كۈچ ئۇلارنى تارمار قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ئۇلارنىڭ باستۇرۇش قوماندانى سايتوۋ، سۇلايمانوۋ دېگەن كىشىلەر ئىدى. بۇ كۈچلەرنىڭ ئارقىسىدىن خوتەن، لوپ، قاراقاش تەرەپلەرگە

جايلاشقان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى كۈچلىرى جىددى قوزغىتىلغان ئىدى. كاڭ جاڭ باش قوماندانلىق قىلاتتى. 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسىيانچىلار بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىندى. (قاچ ـ قاچ بولۇپ پېتىراپ كەتتى.) ھۆكۈمەت كۈچلىرى دەل ۋەقە ئۈستىدىلا قوغلاپ زەربە بېرىپ 200 نەچچە كىشىنى تۇتۇپ قامىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ كېرىيە، چىرىيە، لوپ، قاراقاش، گۇما تەرەپلەردىكى بۆلۈنمە گۇرۇپپىلىرىمۇ 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە قاتتىق تۇت ـ تۇت بىلەن تارمار قىلىۋېتىلدى. «توپىلاڭچىلار» باشلىقى ئابدۇلھەمىد داموللا قېچىپ كەتتى. پەتھىددىنمۇ تۇتۇلماي يوقالدى. شۇنداق قىلىپ قالغان ئىسىيانچىلار 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە 600 كىشى تۇتۇپ قامىۋېتىلدى. ئىسىيانچىلار ھۆكۈمەتنىڭ ساھەلەر بويىچە مەسئۇل بولغان باشلىقلىرىدىن يەتتىسى قارشىلىق قىلىۋاتقان يەردە ئېتىپ تاشلاندى.

مەن خوتەن ۋالى مەھكىمە تەرجىمانى كاپىلىڭ، خوتەن گېزىتىنىڭ تەھرىرى ھۇشۇر نىياز بىلەن بۇ ھەرىكەتنىڭ كۈزەتكۈچىلىرى «ئەمەلدار» سۈپىتىدە بۇ ساھەدىكى بارلىق ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتۇق. 1955 ـ يىلى 1 ـ ئاي پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «تەتۈر ئىنقىلابچىلارنى تۇتۇش، بېسىقتۇرۇش ئىيى» بولدى. «توپىلاڭ» باشلىنىپ 2 ـ كۈنى كاشغەردىن خوتەنگە يېتىپ كەلگەن مىللىي ئارمىيە قوماندانى ئىمىنوۋ شۇ بېسىقتۇرۇشنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغان

ئىدى. خوتەن ساقچىنىڭ باشلىقى ئەمەت قۇل 1955 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ساقچى كادىرلار يىغىنىدا... ۋىلايەت بويىچە 3600 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئۇنسۇر ئەنگە ئېلىندى. 400 نەچچىسى قولغا ئېلىندى.... قاغىلىق، ياركەند، كاشغەر، ئاقسۇ، ئىلى، كوچا، قۇتۇبى، ئۈرۈمچى، قۇمۇللاردىمۇ تۇتۇلغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ شېرىكلىرى بار... ئۇلار ئابدۇلھەمىد دامۇللىنى تىنقۋالدى. قېچىپ يۈرگەن بىر قىسىم ئەكسىيەتچىلەر يەنىلا تۇتۇلمايۋاتىدۇ... دەپ نۇتۇق سۆزلەپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى، جۈملىدىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى دىكتاتۇرا كۈچلىرىنى بۇ ۋەقەگە نىسبەتەن ئىنتايىن ھۇشيار تۇرۇشقا چاقىرغان ئىدى. شۇ يىلى 4 - ئايلاردا مەن كېرىيە، نىيە، چىرىيە، لوپ، ئىلچى، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق ناھىيىلىرىنى ئارىلاپ مۇناسىۋەتلىك ساقچى ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن بۇ ۋەقەنىڭ كىڭىيىش دائىرىسىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى پۈتۈن ناھىيىلەر بىلەن قاغىلىق ناھىيىسى ئىكەنلىكىنى، ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى 4000 دىن ئاشىدىغانلىقىنى، بۇ ۋەقە بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن تېخى تۇتۇلماي قېچىپ يۈرگەنلەرنىڭ 400 دەك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىگەللىگەن ئىدىم. شۇڭا 1955 - يىلى بىر يىل پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە «خوتەن تەتۈر ھەرىكەتچىلىرىنى ئىزدەپ تۇتۇش» يىلى قىلىندى ھەم ئابدۇلھەمىد دامولىنى

تۇتۇش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە مەن تونۇيدىغانلاردىن ۋىلايەتلىك ساقچىنىڭ سىياسىي بۆلۈم كادىرى ئىزىم ئاۋۇت (قاغىلىق سەيشەنبە بازارلىق)، هامىد ئاۋۇت (ئاقسۇلۇق)، هاجى قۇربان (كاشغەرلىك) قاتارلىق 50 نەچچە كىشى ئاقسۇ، قاراشەهەر، ياركەند، كاشغەر ۋىلايەتلىرىدە، قومۇل، تۇرپان، جىمسار، قوتۇبى تەرەپلەردە يەرلىك ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئابدۇلهەمىد داموللا بىلەن قاچقان «خوتەن توپىلاڭچىلىرى» نى ئىزدىدى. 1957 - يىلى يازدا خوتەن ۋىلايەتلىك سوت پەتھەددىن باشلىق 9 كىشىنى ئېتىپ تاشلىدى. 71 كىشىگە مۇددەتسىز، مۇددەتلىك قاماق جازاسى بەردى. 2000 دىن ئارتۇق كىشىگە «ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇر» قالپىقى كىيدۈرۈپ يېزا - كەنتلەردە ئاممىنىڭ نازارىتى» ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە تاپشۇردى. «توپىلاڭچىلار»نى نەخ باستۇرۇش جەريانىدا 11 ئادەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. 33 كىشى يارىدار قىلىنغان. تۈرمىلەردە 100 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

بەزى بىلگۈچى ئەمەلدارلارنىڭ مەسىلەن، ئىمىنوۋنىڭ 1955 - يىلى 10 - ئايدا بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە: شۇ چاغدا باش مىنىستىر جۇئېنلەي شىنجاڭ جۈملىدىن خوتەن ئەمەلدارلىرىغا بۇ ۋەقە (ئۇلار «خوتەن ۋەقەسى» دەپ ئاتىغان) مۇناسىۋىتى بىلەن

خوتەندە زەربە بېرىش دائىرىسى چوڭ بولۇپ كەتمىسۇن. بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتتى بار دېيىلگەنلەرنىڭ «باش جىنايەتچى» لىرىدىن باشقىلىرى كەچۈرۈلۈپ بىلەن سۈرۈشتە قىلىنمىسۇن «جىنايەت» قىلغانلىرىمۇ ئالاھىدە كەچۈرۈلۈپ بىلەن بىر تەرەپ قىلىنسۇن، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى ئىلاجى بار ئاز ئۆلتۈرۈلسۇن... دېگەن يوليورۇقنى بەرگەنمىش. مەركىزى ھۆكۈمەت بۇ ۋەقەنىڭ چەت ئەللەرگە ئاڭلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا ئىچكى قىسىمدا ئالاھىدە يوليورۇق تارقاتقان. يۇقىرىقى يوليورۇق ۋەقە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بېرىلگەچكە ئۇنى سىياسىي جەھەتتىكى بىر خىل ئۇستادلىق ياكى قىرغىنچىلىقتىن كېيىنكى داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ۋە ياكى چوڭ ماتەملىك «نەزىرە چىراق» دېيىشكە بولاتتى.

بۇ ھەرىكەتنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى پەتھىددىن 1955 - يىلى ئەتىيازدا خوتەندە تۇتۇلۇپ 57 - يىلى يازدا خوتەندە ئېتىۋېتىلدى. ئابدۇلھەمىد داموللا 62 - يىلى تەكلىماكاندىن تۇتۇلۇپ، خوتەندە ئېتىپ تاشلاندى . شىنجاڭ بويىچە «خوتەن توپىلاڭچىلىرى»نى ئىزدەپ تۇتۇش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

ھۆكۈمەت دەسلەپ بۇ ۋەقەدە چەت ئەللەردىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قولى بار. جاھانگىرلارنىڭ قۇتۇرۇقلىرى قىلدى دېگەندەك گۇمانى پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇ گەپ يوققا

چىقتى. مېنىڭچە بۇنى يەرلىكتە كۆتۈرۈلگەن ستىخىيلىك خەلق ھەرىكىتى دېيىشكە بولاتتى.

8 ـ نامدار قۇربانلىرىمىزدىن
(مەرھۇم پەتھىددىن ئەپەندى)
(1957 ـ يىلى ئاۋغۇست خوتەن)

پەتھىددىن ھۆر مۇھەممەد ئوغلى (ئۆزبېك) 1954 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خوتەن (ئىلچى)، قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىدە كۆتۈرۈلگەن «ئىسلام ئىنقىلابى»نىڭ (ئابدۇلھەمىد داموللا «توپىلىڭى»نىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى («ئىسلام ھۆكۈمىتى»نىڭ سىياسىي مۇشاۋىرى) ھەربىي قوماندانى (ھەربىي قوماندان ھەم سىياسىي كومىسار)لىق «گۇناھى» بىلەن يەنى ھۆكۈمەت تىلى بىلەن ئېيتقاندا «خوتەن قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىدە ئابدۇلھەمىد داموللا باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ باش جىنايەتچىلىرىدىن چوڭى» بولغانلىق «گۇناھى» بىلەن 1955 ـ يىلى ئەتىيازدا خوتەندە قولغا ئېلىنىپ 1957 ـ يىلى يازدا 31 يېشىدا خوتەندە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.
مەرھۇمنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى مۇنداق:
مەرھۇم 1926 ـ يىلى ھازىرقى قىرغىزىستانىنىڭ ئوش جالال ئاباد دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1931 ـ يىلى كۈزدە

دادىسى (ئائىلىسى) بىلەن خوتەنگە كەلگەن. ئاۋۋال ئۆيدە كېيىنرەك خوتەن ئىلچىنىڭ (ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ) ھېيتكا مەھەللىسىدىكى مۇسا داموللامدا ئوقۇغان، دەسلەپ ئەرەپ، پارس تىللىرىنى، كېيىنرەك روس تىلىنى ئۆگىنىشكە تۇتۇنغان. بۇ زامانىنى بەزى كىشىلەر «خوتەندىكى تۇنگان زامانىسى» دەپ ئاتىشىدۇ. شىڭ سىسەي زامانىسىغا كەلگەندە (1933 ـ يىلىدىن كېيىن) پەتھىددىن خوتەندە ئېچىلغان مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇپ، خىزمەتكە چىقمايلا خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ 2 ـ قارارىدا ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا بىر يىل ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ قاغىلىققا كەلگەن. قاغىلىقتا 1943 ـ يىلىدىن 1945ـ يىلىغىچە ئىشلەپ، خوتەنگە قايتىپ كېلىپ ۋىلايەتلىك مال دوختۇرخانىدا خىزمەت قىلغان. شەيخ سەئىدىنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە باشقا ئىلمى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. تاشقۇرغان، ئاقتۇ، قاغىلىقتا كۆتۈرۈلگەن تاغ ئىنقىلابى (ھازىرقى زامان ھۆكۈمەت كىشىلىرى «تاشقورغان ئىنقىلابى» دەپ ئاتاپ يۈرگەن ئىنقىلاب)غىچە مال دوختۇرخانىدا ئىشلەپ، تىنچلىق بېتىمدىن كېيىن «خوتەن گېزىتى»گە تەھرىر بولۇپ كىرگەن. بېتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن 1947 ـ يىلى خوتەندە گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. بۇ

قېتىم يالغۇز (ھازىرقى خوتەن شەھىرىدىلا) 100 دىن ئارتۇق كىشى پەتھىددىن بىلەن بىللە قولغا ئېلىنغان. بۇ قولغا ئېلىنغانلارنى گومىنداڭچىلارنىڭ خوتەندىكى ۋەكىلى ۋالى مۇھەممەد روزى بەگ (ۋالى ھاكىم)، نۇربەگ (خادۇمباڭ) لەر بۇيرۇق قىلىپ قولغا ئالدۇرغان. تۇتۇلغانلارنىڭ «گۇناھى» «قىزىل پاچاق» يەنى «كوممۇنىست»لىق ئەيىبى ئىدى. كېيىن بۇ مەھبۇسلار ئومۇمىيۈزلۈك قويۇپ بېرىلگەن. پەتھىددىن بىلەن ئۇنىڭ يېقىن دوستى شايارلىق قەييۇملار قويۇپ بېرىلمىگەن. 1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خوتەن مەمۇرلىرى ئاخىرى بۇ ئىككى كىشىنى 10 كۈن ئىچىدە خوتەن تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن تۈرمىدىن بوشاتقان. پەتھىددىن ئائىلىسىدىكى ئىككى جاننى (ئانىسىنى، ئىنىسىنى) ئېلىپ ئۈچ جان كىشى قەييۇم بىلەن بىللە تەكلىماكان يولى (ھازىرقى خوتەن ـ ئاقسۇ كارۋان يولى) بىلەن ئاقسۇغا، كېيىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ ئىيسا بەگ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرالار چىقىرىۋاتقان «ئەرك» گېزىتىگە خىزمەتكە كىرگەن. (قەييۇم تەمرات نازارىتىگە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ۋاستىسى بىلەن خىزمەتكە چىققان.) پەتھىددىن نەنمەندىكى خوتۇن ـ قىزلار بىرلەشمىسىدە بىر ئېغىز ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇرغان. 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئىيسا بەگ قاتارلىق بىر بۆلۈم كىشىلەر چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش سەپىرىنى

باشلىقاندا پەتەھەددىن ئانىسى بىلەن ئىنىسنى بىللە ئېلىپ ئۇلارغا ئەگىشىپ يولغا چىققان. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ھىندىستان ـ جۇڭگو چېگرىسىدا توسۇلۇپ قىلىپ، ئۆزلىكىدىن خوتەنگە قايتىپ كەلگەن. 50 ـ يىلىغىچە بىر نەچچە ئاي خوتەندە تىجارەت قىلغان (سولىما، كاتەكچى ساتقان.) 1950 ـ يىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن خوتەندە قامالغان. «چەت ئەلگە قاچقان» دېگەن «گۇناھى» بىلەن قامىغان. ھۆكۈمەت 53 ـ يىلى تۇرمىدىن قويۇپ بەرگەن. 1954 ـ يىلى ئابدۇلھەمىد داموللا بىلەن ئاتالمىش «ئابدۇلھەمىد داموللا باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ» نى پىلانلاش، قوزغاش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ يېتەكچى ئەرباب بولغان. «توپىلاڭ» بېسىقتۇرۇلغاندا خوتەن تەۋەسىدە بىر مەزگىل قېچىپ مۆكۈنۈپ يۈرگەن. خوتەننىڭ سەيشەنبە بازار دېگەن يېرىدە بىر ئۇيغۇر دېھقان 18 كۈن يوشۇرۇپ ساقلىغان. ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇنغان ھەمراسى مۇھەممەد ئىبراھىم ئاخۇن دېگەن كىشى ئىدى. پەتەھەددىن ئۇ كىشىنى لوپ ناھىيىسىدىكى ۋەزىيەتنى بىلىپ كېلىشكە مەخپىي ئەۋەتكەن. لېكىن ئۇ كىشى يولدا ھۆكۈمەت قولىغا چۈشۈپ قالغان. ھۆكۈمەتنىڭ سوراق قىلىپ بەرگەن «تەربىيە» سىدە ئاخىرى پەتەھەددىننىڭ بار يېرىنى پاش قىلىپ، كەچلىككە ئېرىشىپ «خىزمەت»كە كىرگەن. كېيىنرەك ساراڭ بولۇپ ئۆلگەن. مەرھۇمنىڭ بۇ ساھەدىكى

سەرگۈزەشتىلىرىنى سادىق قاۋۇل، شايارلىق قەييۇم دىگەنلەر ئوبدان بىلىدۇ. مەرھۇم قولغا چۈشۈپ قامالغاندا ھەسەن خىۋا دىگەن بىر كىشى بىلەن بىللە ياتقان.
مەرھۇمنىڭ شۇ زامانلاردا يازغان تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى 1956 - يىلى چىرىيىدە كىشىلەر ئېغزىدىن مۇنداق خاتىرىلىگەن ئىدىم.
«زامانلا ئىچىرەمەن، بىر زامان مۇرغى ئىدىم،
سايراشقا مەندە يوق ماجال ئەسلى ئۆزۈم بولبۇل ئىدىم.
باغ ئىچىدە كۆتىۈرۈلدى بىر قانچە زالىم قارا قۇشلار
ئول قارا قوشلار جاڭگىلىدىن ھەردەم پانار ئىزلىۋىدىم.
1947 - يىل چىرىيە

9 - دەۋرى قاتىللىرى
(1950 - يىل ئۆكتەبىر)

ئىلى تەرەپلەردە (ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي تەرەپلەردە) مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي خورلۇققا قارشى خەلق ھەرىكىتى تازا ئەۋجىگە چىققان چاغلاردا گومىنداڭ كۈچلىرى (زالىم - قانخور باسقۇنچىلار) يەرلىك خەلقلەرنى قىرغىن قىلىشتا ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يىرتقۇچلۇق (قانخورلۇق) قىلمىشلىرىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. تۆۋەندە بىز شۇلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى خۇنخورلۇق

جىنايەتلىرىدىن «دەۋرى قاتىللىرى» ماۋزۇسى بىلەن تۆۋەندىكى مىساللارنى خاتىرىلەيمىز: بۇ خاتىرە 1944 ـ يىلى نويابىردا غۇلجا شەھەرلىك مىللىي كومىتېت مىللىي تەكشۈرۈش كومىسسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ پاكىتلىغان ماتېرىياللارنى مەنبە قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. شۇ تەكشۈرۈش كومىسسىيىسىنىڭ ئەزالىرى تۆۋەندىكى كىشىلەر ئىدى: ئۇيغۇرلاردىن ئىسمايىل، ھۆسەيىنلەر، ئۆزبېكلەردىن ئەسئەدۇللاھ، مىر ئەزىم بايىۋ، شانىغمەت ۋە غۇنانبايلار، تاتارلاردىن پاتىغوللا يارى، تۇنگانلاردىن كىرىم ھاجى، داۋۇزۇۋ، يۈسۈپ ھاجىلار، خەنزۇلاردىن ياڭ خۇنجاڭ، سۇڭ خۇيجاڭلار، شىۋەلەردىن بەئىن، روسلاردىن دىمترۇۋ.

بۇ كومىسسىيە تەپسىلى تەكشۈرۈپ تۆۋەندىكى جىنايەت ئانكىتلىرىنى خاتىرىگە ئېلىشقان. تۆۋەندە شۇ خاتىرىنىڭ بەتلىرىدىن كۆچۈرمە قىلىمەن:

1 ـ «جىڭساجوي (گومىنداڭنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ـ م) ئېلىنغاندىن كېيىن بىز ئۇ يەرگە بېرىپ تەكشۈرگىنىمىزدە ئىدارە ئىچىدىكى خەندەكتىن ۋە قۇدۇقلاردىن 238 خەنزۇ ئەمەس جەسەت تاپتۇق. بۇ كىشىلەر قانخورلار تەرىپىدىن دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئۆلگەنلەر ھېچقانداق ئەيىب بىلەن قولغا ئېلىنمىغان. پەقەت كوچىلاردىنلا تۇتۇپ كېتىلگەن. ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى ئۇلارنى تۇيۇقسىز نامەلۇم يوقالغان ھېسابلاپ جىڭساجۇيگە مەلۇم قىلغان بولسىمۇ نەتىجىسى بولمىغان.

ھەممە ئۆلۈكلەر ئاغزىدىن قاپلىنىپ قوللىرى ئارقىلىرىغا باغلانغان. بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرىغا كىشەن سېلىنغان، بەزىلىرى ئوت توغرايدىغان جادۇ بىلەن توغرىۋېتىلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇرەتكە تارتىلدى. بۇ جەسەتلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، يېقىن ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ساقال، چاچلىرىدىن، رەڭگى روھىدىن، كىيىم ۋە باشقا بەلگىلىرىدىن تونۇپ ئېلىشتى....»

2 - «سابىق جىڭساجۇي قورۇسىنىڭ كۆن پېتىش تەرىپىدىن سېپىلغان توپا ئېلىنغان يەردىن 35 مىللىي ئۆلۈك تېپىلدى. بۇلارنىڭ بىرسىمۇ مىلتىق بىلەن ئېتىلغان ئەمەس. بەزىلىرىنىڭ ئاغزىغا پاختا تىقىلىپ باشلىرى كالتەك بىلەن يانچىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرىدا كىشەن، قوللىرى كەينىگە باغلانغان بولۇپ، نەيزە ۋە قىلىچ بىلەن سانجىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى ئويۇلۇپ، بۇرۇنلىرى كېسىلىپ جادۇ بىلەن 2 ـ 3 - يېرىدىن توغراپ تاشلانغان. يەنە بىر قۇدۇقتىن 16 ياشلىق مۇنبەر دېگەن بالىنىڭ ئۆلۈكى چىقتى. بۇ بالىنىڭ قولى باغلانغان. بېشى نەيزە بىلەن تېشىۋېتىلگەن. جەسەتنىڭ تېگىدىن نۇرغۇن كىيىملەر، ئاياللارنىڭ پەرەنجىلىرى چىقتى. ئۇنىڭمۇ تېگىدىن بىر دانە تولۇق تېشى چىقتى. تاشنىڭ ئاستى ئۆلۈك بىلەن توشقان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھ يارى ئىسمىلىك كىشى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. غاياز بوغۇزلانغان. پارۇق ئۇرۇپ مەيدىدىن يەنجىپ

ئۆلتـۈرۈلگەن. ئـۋان گـرشـكـن جـادۇ بـىـلـەن تـوغراپ تاشـلانغان. سـوپتايلىق مەھمـۇد ئـۇرۇپ ئۆلتـۈرۈلگەن. پىتـروپ ئـۇرۇپ، چانـاپ ئۆلتـۈرۈلگەن. يـۇقىرىقىلاردىن باشـــقىلارنىڭ كىملىكىنـــى تونـــۇغىلى بولمـــــدى. ئۆلۈكلەردىن يەتتىسى ئورۇس، تۆتى قازاق، ئۈچى تاتار، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر...»

3 ـ «پـــدايى ئەسـكەرلەر 2 ـ بۆلـۈم 3 ـ ئـسكىلاتىدا يېڭـدىن ئەسـكەرلىككە (مىللـي ئـارمىيگە) كـرگەن سىيىت كېرەم، ئايىمخان، ئېرى تۇرسۇن بىلەن قوتـام تـام دېگەن يەردە يوگاچېۋنىڭ تېرە زاۋۇتىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. شۇ زاۋۇتتا ئىشلەپ تۇرغان خەنزۇلار 44 ـ يىل 3 ـ دېكابىر ئەتىگەن سائەت 6 دە ئايىمخانلارنىڭ ئـۆيىگە باسـتۇرۇپ كىرىــپ تۇرسـۇننى بوغـۇزلاپ ئۆلتۈرگەن. ئايىمخاننى ئېغىر ئاياق بولۇشىغا قارىماي كـۆكرەك ھەم بـۇرنىنى كېسىپ ئـۆزىنى بوغـۇزلاپ 2 جەسەتنى بىر ئەسكى بورىغا يۆگەپ قويغان» بـۇ سـىيىتقا بېرىلگەن «جازا» ئىدى.

4 ـ «نـۇۋى گـورد تاتـار مەسـجىدىنىڭ قوروسـىدىكى بىـر ۋەخپە ئۆيدە خەلـق سەدىقىسى بىـلەن كـۈن كۆچـۈرۈپ تۇرغـان 70 ياشـلىق قېرى موماي مـاھى كامـال بىـلەن زەئىــپ ئـوغلى ئابـدۇلخېلىل ياشـايتتى. ئىنقىلابنىـڭ 3 كۈنى جىڭساجۇي ئىدارىسىنىڭ بىر مـۇنچە جـاللاتلىرى 10 قورالـلىق كـىشى بىـلەن كېلىـپ ئۆيىنىـڭ ئىـشىك ـ دەرىزىلىرىنى سۇندۇرۇپ كىرىـپ 17 ياشـلىق كېـسەلجان

زەئىپ ئابدۇلخېلىلنى كۆكرىكىدىن ئېتىپ تاشلىغان. بۇ بالا تىزلانغان هالدا ئارقىغا ئېگىلىپ قانغا بويالغان قوللىرى بىلەن تايانغان بويىچە قېتىپ قالغان. بۇ هالنى كۆرگەن ئانا «جىنىم بالام خاراب بولدى... ئاھ نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك... نېمە دېگەن ۋەھشىلىك، نېمە قىلماقچى بولىسىلەر ختايلار...» دەپ ۋاقىرىغاندا باسقۇنچى چېرىكلەر بۇ مومايىنى تېپىپ يەرگە دۇمۈلتىپ ملتىق پاينەكلىرى بىلەن قىپ قىزىل قانغا تولغۇچە ئاغزىغا ئۇرۇپ مىدىرلىيالماس قىلىۋەتكەن. نەتىجىدە مومايىنىڭ تىلى، ئېغىزلىرى تىتىلىپ، چىشلىرى قويماي سۇندۇرۇلغان. خۇنخورلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلغان ۋەھشىلىكلىرىگە قانائەت قىلماستىن، مومايىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، ئۈچەيلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۈستەل، كارۋات، ئورۇندۇقلارغا يېيىپ قويغان. بۇنىڭ ئۈستىگە پۇتلىرىنى پاقالچىكىدىن سۇندۇرۇپ گۆشىنى بىر ياققا، ئۇستىخانلىرىنى بىر ياققا ئايرىپ تاشلىغان... بۇ بىز خەقنى ئۆلتۈرۈپ قورقۇتۇش، ئۆز ئادەملىرىگە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىش بولسا ئەجەپ ئەمەس...»

5 ـ «1945 ـ يىلى غىنىۋارنىڭ 28 ـ كۈنى هەرەمباغدىن تېپىلغان ئۆلۈكلەر ئارىسىدا بىر مۇسۇلمان ئەسكەرنىڭ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ئۆلۈكى تېپىلدى. بۇ ئۆلۈك دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىسىدا بېشىدىن ھەم دۈمبىسىدىن پىچاق بىلەن تىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. قوللىرى

ئارقىسىغا باغلانغان، بىلەكلىرىنىڭ تېرىلىرى سويۇلغان، ئاخىرىدا ئوتتا كۆيدۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ مۇسۇلمان شەھىدنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ تونۇپ ئالغۇچە جەسەتنى نەچچە كۈن ساقلاش قارار قىلىندى...»

يۇقىرىقى پاكىتلارنىڭ راستلىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەت ئەزاسى: ........

مائارىپ نازىرى : ھەبىب يۈنىچ

سەھىيە نازىرى : قاسىمجان قەمبىرى

دوختۇر مىنشۈۋ قاتارلىق 8 كىشى شاھىد بولۇپ قول قويدۇق.

1945 ـ يىل 30 ـ غىنۋار غولجا

10 ـ قاغىلىقتا قىرغىنچىلىق

(1949 ـ يىل 5 ـ ئاي قاغىلىق)

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاغىلىقتىكى ھەربىي، ساقچى ئورۇنلىرى 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «تاغلىق ئوغرىلارنىڭ ئادەملىرى» دېگەن «گۇنا» بىلەن تۇتۇلغانلاردىن بىر كۈندىلا 200 كىشىنى قىرىپ تاشلىدى ھەم بۇ ئۆلۈكلەرنى «ياكوچا» دېگەن يەردىكى جىڭساجوي قوروسى بىلەن سەجۇ (ئوتۇن سامان، بىدە توپلايدىغان ئورۇن)غا «ئازگال كۆممە» قىلىۋەتتى. 1945 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 46 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ

كۈنگىچە تاغلىق ئىنقىلابچىلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان ئىدى. 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاتالمىش «بىتىم» بويىچە تاغ ئىنقىلابچىلىرى قاغىلىقنى بوشىتىپ ياركەندىنىڭ قوشراپ دېگەن يېرىگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. گومىنداڭ كۈچلىرى قاغىلىققا قايتا كىرگەندىن كېيىن «تاغلىق ئوغرىلارنىڭ شىرىكى» دېگەن گەپ بىلەن يەرلىك كىشىلەردىن 2000 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇت ـ تۇت قىلىۋەتكەن. يۇقىرىقى 200 كىشى شۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغان مۆتىۋەر، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەردىن ئىدى. ۋاھالەنكى بۇ قىرىلغانلارنىڭ ئارىسىدا بىرلا كىشىنىڭ يەنى سىدىق ئاخۇننىڭ تاغلىق ئىنقىلابچىلار بىلەن ئالاقىسى بولغاندىن سىرت، باشقىلىرى تاغ ئىنقىلابى بىلەن مۇناسىۋەتى يوق جامائەت ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنە شۇ يىلى قاغىلىق، ياركەند، پوسكام، مەكىت، تاشقۇرغان تەرەپلەردىن «تاغ ئوغرىلىرى» دەپ تۇتقان ئىنقىلاب ئىشتىراكچىلىرى بىلەن «ئىنقىلاب ھېسداشلىرى» دىن 700 دەك كىشىنى ياركەند دەريا كۆۋرۈك ئارىلىغا يىغىپ تۆۋە قىلدۇرۇش «تەربىيىسى» يۈرگۈزگەن. بۇ لاگىر 50 ـ يىلى تارقىتىۋېتىلگەن. بۇ لاگىردا قاغىلىق گۇساسلىق نۇربەگ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

2 ـ قىسىم
بىز ئۇچۇن بولۇۋاتقان ئىچكى ـ تاشقى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەر

ئىچكى جەھەتتە:
1950 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆرۈلگەن ۋە يۈز بەرگەن مىللىي تەشكىلات ھەم ۋەقەلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەندىكىچە ئەسلەش مۇمكىن:
1 ـ «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» (قىسقارتىپ «شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بۇ پارتىيە شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان جومھۇرىيىتى» قۇرۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ.
2 ـ «شەرقىي تۈركىستان ياشلار پارتىيىسى»
3 ـ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن «ئەكسىلئىنقىلابىي» توپىلاڭنى باستۇرۇش جەريانىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» پاش بولۇپ، ئۇنىڭ كاشغەر، تۇرپان ۋە باشقا جايلاردا شۆبىلىرىنىڭ بارلىقى سېزىلىدى.
4 ـ «تىيانشان دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» ئىۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ دېموكراتىيە ۋە مۇستەقىللىق يولىدا كومپارتىيىگە قارشى ئاخىرغىچە قانلىق جەڭ قىلىمىز دەپ جار سالغان.

5 ـ «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق تەشكىلاتى» بۇ تەشكىلات سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى ئىچكىرىگە كېتىشكە مەجبۇرلاش، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قورۇش»نى مەقسەت قىلغان.
6 ـ «ئۇچقۇن تەشكىلاتى» بۇ تەشكىلات 9 جايغا ئەكسىلئىنقىلابىي ئالاقىلىشىش خىتى يازغان. قورال ـ ياراق ئىزدەپ، مەخپىي ھالدا قوراللىق توپىلاڭ قوزغاشنى، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى پىلانلىغان.
7 ـ «ئىلى ئۇچقۇن ئىتتىپاقى» بۇ تەشكىلات جەنۇبىي شىنجاڭ، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، قورال ـ ياراق يىغقان.
8 ـ «ئاقسۇ 24 ـ سىنتەبىر تەشكىلاتى» بۇ تەشكىلات كوچا، شايار، توخسۇن ناھىيىلىرىگە كېڭەيگەن.
ھەرىكەت ئەنزىلىرى: شىنجاڭدا 1985 ـ يىلىدىن كېيىن ئەكسىلئىنقىلابىي شۇئار چاپلاش، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىش دېلولىرى كۆپەيگەن. 1989 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي دېلو 174 بولۇپ، 1988 ـ يىلىدىكى 153 تىن 14.8 پىرسەنت كۆپەيگەن.
1990 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاستتا بۇنداق دېلو 54 قېتىم يۈز بەرگەن.

تاشقى جەھەتتە:
1 ـ «شەرقىي تۈركىستان خەيرىيەت فوندى جەمئىيتى...» ئۈنىڭ باش شتابى تۈركىيىدە.
2 ـ «شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك ئىتتىپاقى» ئۈنىڭ باش شتابى تۈركىيە ئىستانبولدا.
3 ـ «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، مۇڭغۇل مىللىي بىرلىك ئىتتىپاقى» ئۈنىڭ باش شتابى تۈركىيە ئەنقەرەدە.
4 ـ « شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» ئۈنىڭ باش شتابى تۈركىيە ئەنقەرەدە.
5 ـ «شەرقىي تۈركىستان قازاق، تۈرك خەيرىيەت فوندى جەمئىيتى» باش شتابى تۈركىيە ئىستانبولدا.
6 ـ «شەرقىي تۈركىستان موساپىرلار پاراۋانلىق، ھەمكارلىق جەمئىيتى» باش شتابى تۈركىيە ئىستانبولدا.
7 ـ «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلار خىزمىتى باشقارمىسى» باش شتابى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ رىيادتا.
8 ـ «شەرقىي تۈركىستان ياشلار پارتىيىسى» ئۈنىڭ باش شتابى پاكىستان گىلگىت شەھىرىدە.
9 ـ «شەرقىي تۈركىستان بىرلىك سېپى» باش شتابى ئالماتا شەھىرىدە (ئالمۇتىدا.)

10 ـ «شەرقىي تۈركىستان ۋەتەن قۇتقۇزۇش كومىتېتى» باش شتابى ئالماتادا.
11 ـ «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق كومىتېتى» باش شتابى ئالماتادا.
12 ـ «شەرقىي تۈركىستان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرلار مەركىزى» ئۇرنى قازاقستان، ئۆزبېكستان، قىرغىزستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىرلىشىپ تەشكىل قىلغان.
13 ـ «ئامېرىكا ـ تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىتتىپاقى» باش شتابى نيۇيوركتا.
14 ـ «ياۋروپا ھۆرلۈك ئاۋاز رادىئو ئىستانسى» ئۇنىڭ باش شتابى گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھىرىدە.
15 ـ «قازاق، تۈرك ئىجتىمائى، مەدەنىيەت ھەمكارلىق جەمئىيىتى» باش شتابى ميونخېندا.
غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئامېرىكا، گېرمانىيەلەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار دۇنيادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە، جۈملىدىن بىزگە مىللىي بۆلگۈنچىلىك يۈزگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئاساسلىقى شىنجاڭغا قارىتا جىددىيراق.
بۇ ماتېرىيال: 1990 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ۋاڭ ئىنماۋنىڭ سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ سانلىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدىن ئۈزۈندە قىلىندى. بۇ دوكلات 1990 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ

كۆنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ 001063 نومۇرلۇق مەخپىي ھۆججىتى قىلىپ «كۆرۈپ قايتۇرۇش» شەرتى بىلەن تارقىتىلغان ئىدى.
1990 - يىل 9 ــ ئاي ئۈرۈمچى

ئوپىران پاجىئەسى
(تەزىيە ئەسلىمىسى)
1992 - يىل قاغىلىق - كورلا

1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قاغىلىقنىڭ ئەڭ يىراق (چەتئەلگە پاسلراق كېلىدىغان) تاغلىق زېمىنى (شىخشۇ يېزىسىنىڭ قولانئالغۇ يۇرتىغا تەۋە) رەسكەم ئىگىزلىكىدىكى شىر قۇۋۋەت دارىسى بىلەن ئوپىران دەريا ئارىلىقىدا (دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنە 4600 مېتىر ئىگىز ئىدىرلىقتا يولسىز دالادا تەمتىرەپ، ئاشلىق ۋە يول ئازاۋىدىن ھالسىراپ كېتىپ بارغان 7 ئۇيغۇر يىگىت (چوڭى 27، كىچىكى 21 ياش) قاغىلىقتىن تىك ئۇچار ئايرۇپىلان بىلەن قوغلاپ بارغان ئاپتوماتلىق 13 ئەسكەر تەرىپىدىن دەل ئوپىران دەرياسى بويىدا نابۇت قىلىنۋېتىلدى. بۇ چاغ كۈندۈز سائەت 2 ئىدى. يەنى ئەسكەرلەرگە تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، قارشىلىق كۆرسىتىپ ئېلىشقان ئىككىسى ئوق بىلەن ئېتىپ تاشلاندى. (2 جەسەت قاسساپ پارچىلىۋاتقان گۆشتەك تىتىۋېتىلدى.) تولۇق تەككۈزۈلگەن 10 پاي ئوق بىلەن

ئىككى يىگىتنىڭ بېشىنىڭ ئاستى تەلتۆكۈس تىتىپ تاشلاندى. بىر يىگىت قېچىپ ئۆپىران دەرياسىغا سەكرەپ كۆزدىن غايىپ بولدى. 2 يىگىت قارشىلىق ئۈستىدە باغلاپ - تۈشەپ ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ ئۆلۈك - تىرىك 6 يىگىت شۇ كۈنى سائەت 5 تە تىك ئۇچار ئايرۇپىلانغا قاچىلىنىپ قاغىلىق بازىرىغا ئېلىپ كېتىلدى. بىرسى سۇدا غايىپ بولدى. ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇش جېڭىگە قاغىلىق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گوجىشەن (خەنزۇ)، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى (پۇجۇجاڭ) سىيىت ھۇشۇرلار قوماندانلىق قىلدى. (بۇيرۇق گوجىشەندىن، ئىجرا قىلىش سىيىت ھۇشۇردىن بولدى.) 13 تاللانغان ئەسكەرنىڭ 6 سى خەنزۇ (كىچىك پىلىمۇتلۇق)، قالغان 6 سى ئۇيغۇر (ئاپتوماتلىق)، بىرسى تاجىك (تاپانچا ۋە بومبا ئالغان) 6 ئۇيغۇر ئەسكەردىن ناھىيىلىك ساقچى سىياسىي قوغداش بۆلۈمىنىڭ ساقچىسى ساۋۇت ئۆزى بىلەن ئېلىشقان بىر يىگىتنى دەل جايىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتە خىزمەت كۆرسىتىپ ئەنگە ئېلىندى. كېيىن شىنجاڭ بويىچە نەمۇنىچى مۇكاپاتى ئالدى. گوجىشەن بۇ قېتىمقى خىزمىتى ئۈچۈن كاشغەر ۋىلايەتلىك ساقچىغا يۆتكىلىپ ئەملى ئۆستى. يۇقىرىقى ئۆلۈك - تىرىك 6 ئۇيغۇرنى ماشىنا بىلەن مەلۇم ئارىلىققا ئاپىرىپ قويغان مەجىد تۇراپ ۋە باشقا مۇشۇ ئىشقا چېتىشلىق دېگەن 20 قاغىلىقلىق «چوڭ جىنايەتچى» مۇ 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە

يۆتكەپ كېتىلدى. ئۈرۈمچىدە ھەربىي ساقچى، خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىدىن 100 دەك كىچىك ماشىنا ئىستانسىدىن ئۇلارنى قورشاپ تۈرمىگە يۆتكىدى. ۋەقەنىڭ ئەسلى جەريانى مۇنداق: قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ھەم ئۇلارنى ئۇپران بويىدا بايقاپ ھۆكۈمەتكە سىمسىز تېلىگراممىا ئارقىلىق خەۋەر قىلغان مەشھۇر «سەزگۈر» — سادىق پىداكار قاغىلىق يېتىم لوقۇملۇق تەخمىنەن سىيت (تۇختى مۇھەممەد سىيت) بۇ ۋەقەنىڭ ئۆزى بىلگەن جەريانى توغرىسىدا مۇنداق دېدى:

«... قاغىلىق - تاشقۇرغان چېگرا، تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى ناھىيە رەھبەرلىكى مۇزاكىرىلىشىپ ئەمەلىي چېگرىنى تەكشۈرىدىغان، رەسكەم يەنى ئۈزۈك خەلقىدىن (بۇ يەردە قەدىمدىن بۇيان چېگرا بېقىپ كەلگەن 19 ئۆيلۈك 119 ئۇيغۇر بار - ئا) بۇ جاينىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بولۇپمۇ كەشمىر، ئافغان تەرەپلەرگە قاچىدىغان قاچقۇنلارنىڭ مەخپىي ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يوللىرىنى بايقاپ تۇرغان - تۇرمىغانلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە بىردىن ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بۇ يەرگە ماڭغۇزغان ئىدى. مەن ۋە مېنىڭ مۇئاۋىنىم - قاغىلىق چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تاجىك سېغى جېلىل باشچىلىقىدىكى 8 كىشىلىك گۇرۇپپا 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قاغىلىقتىن ماشىنا بىلەن يولغا چىقىپ - مازاردارا

رايونىدا ماشىنىدىن ئايرىلىپ (ماشىنا يولى يوق يەردە) پىيادە 36 كىلومېتىر غەربكە بۇرۇلۇپ مېڭىپ ئوپران بويىغا كەلدۇق. ئەتىسى ئۆزۈككە ئۆتتۇق. ئۇ يەردە بىزنى تاشقورغان گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى مونۇيي تابلىدى، ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بىر خەنزۇ يەنە 6 تاجىك ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۆزۈكتە بىللە قوندۇق. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە كەلگەندە چېگرا تەكشۈرۈشكە (ئوتلاق تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن) چېگرا بويلاپ كۆزىتىش سەپىرىنى باشلىدۇق. 2 كۈندىن كېيىن يەنى 23 ـ كۈنى بىز بىر توپ ئادەم ئوپران دەرياسىنىڭ نېرىقى قېشىدا (بىز بىلەن 200 مېتىر ئارىلىقتا) يات بىر ئادەمنىڭ دەريادىن ئۆتۈشكە تەمشىلىۋاتقان قارىسىنى كۆردۇق. بۇ يەردىن كەشمىر تەۋەسىگە 15 ـ 16 كىلومېتىر، ئافغان تەۋەسىگە تەخمىنەن 25 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. ئارقىدىن ئالتە ئادەم دەريا بويىغا پەيدا بولدى. لېكىن بىز ئۆزىمىزنى ئۇلارغا كۆرسەتمىدۇق. كۆزىتىپ چېگرىدىن چەتئەلگە ئوغۇرلۇقچە (قېچىپ) ئۆتۈپ كېتىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلدۇق. چۈنكى 1 ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل كىيىنگەن شەھەر ـ بازار قىياپەتلىك، چاچلىق، شەپكىلىق، قالپاقلىق، كالتە كىيىملىك بەرجەس (قاۋۇل) غەيرى يىگىتلەر ئىدى. 2 ـ دىن ھەر بىرى بىردىن بوپا يۈدىۋالغان بولۇپ، بوپىلىرى ئارىسىدىن غەلىتە سايمان ـ تاپانچا، بومبىغا ئوخشاش نەرسىلەر، سومكا ۋە غىلاپقا ئوخشاش ئەگرى ـ بۈگرى

تۈگۈنچەكلەر بىلىنىپ تۇراتتى. 3 ـ تەشكىللىك ۋە تەرتىپلىك ئادەملەردەك (بىرلا باشلامچىنىڭ ئاغزىغا قارايدىغاندەك) سىزىلەتتى... ھەممىسىدىلا پىچاق ئېسقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردۇق.

دېمەك، ئۇلار ئادەتتىكى يولۇچى، پۇقرا، سودىگەر ياكى ئازغۇن ئادەملەردىن ئەمەسلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇلار دەل بىز كۆرگەن كۈنى كەچ بولۇپ قىلىپ دەريادىن ئۆتەلمەي تاشلىقتا قونۇپ قېلىشتى. بىز پايلاقچى قويدۇق. شۇ كۈنى كېچە سائەت بىر بىلەن مەن، سېخى جېلىل ئىككىمىز سىمسىز تېلېگراپ تېخنىكىسى ئارقىلىق بۇ ئەھۋالنى قاغىلىق ناھىيىلىك ساقچى باشلىقى گۇجىشەنگە خەۋەر قىلدۇق. 24 ـ كۈنى گۇجىشەن سىيىت ھۇشۇرلار 13 ئەسكەر بىلەن تىك ئۇچار ئايروپىلاندا بېرىپ ئۇلارنى تەلتۆكۈس تارمار قىلدى. بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى ئەنگە ئالدى...

كېيىن ئۇقساق ئۇلار 90 ـ 91 ـ يىللىرى ئىچىدە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئاپتۇۋۇزلارنى پارتلاتقان، شاياردا ھۆكۈمەتنىڭ 500 مىڭ يۈەن پۇلىنى بۇلىغان. خوتەن ۋىلاتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ پۇللىرىنى بۇلاپ كەتكەن.... ئالاھىدە چوڭ لۈكچەك بۇلاڭچىلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى...»

(بۇ سۆھبەت 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قاغىلىق بازىرىدىكى شۇ باشلىقنىڭ ئۆيىدە بولغان ئىدى ـ ئا)

بۇ قېتىم ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا قاتناشقان ھەم تۇتۇلغان تىرىكلەرنى مەخسۇس كامىردا بىر ئاخشام ساقلىغان قاغىلىقلىق ساقچى ئابدۇرەھىم (ئىسمىنى ئاشكارىلىماسلىقنى تەلەپ قىلغان سىياسىي قوغداش بۆلۈمىنىڭ ساقچىسى)... 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مۇنۇلارنى بايان قىلدى: «بۇ جىنايەتچىلەر 90 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن مەملىكەت بويىچە ئىزدەپ تۇتۇش جاكارلانغان چوڭ جىنايەتچىلەر دەپ قارالغانلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. بىزنىڭ جۇجاڭ ۋە يۇقىرىدىن مۇشۇ ھەقتە ئۇقۇشۇپ كەلگەن ئالاھىدە مەخپىي خىزمەت خادىملىرى بىزگە شۇنداق ئۇختۇرغان ھەم ناھىيىمىز تەۋەسىدە بۇلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىنى ئەسكەرتكەن ئىدى. دېمەك، مېنىڭچە شۇلار مەسىلىسىدە بۇ ناھىيە قاتتىق گۇمانلىق جاي ھېسابلىناتتى. تارىختىن بۇيان چەتكە قاچىدىغانلارمۇ مۇشۇ زېمىندىن قېچىپ تۇرغان چېگرا ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈنمىكىن 90 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىۋارەن قاغىلىق ھۆكۈمەت كۈچلىرىنىڭ قاتتىق قامالى ئاستىدىكى سىرلىق جايغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. پۈتۈن يېزا - كەنت، تاغ - سەھرالار «سودىگەر»، «دوختۇر»، «تاش كان ئىزدىگۈچى»، «تەپتىش»، «يېتىمچى»، «قەلەندەر»، «موللا» قىياپىتىدە 1000 دىن ئارتۇق پايلاقچى (بۇ ناھىيە تەۋەسىدە) بىر يىلدىن جىقراق كۈزۈتۈش، بايقاش خىزمىتىدە بولدى. مەنمۇ...

ساقچى بۆلۈمىنىڭ ئادەتتىكى ساقچىلىقىدىن مۇشۇ خىل جاپالىق خىزمەتكە قاتنىشىپ (تاغ يوللىرىنى تېپىپ، كۆرسىتىپ، نەتىجە يارىتىپ) ناھىيىگە ئۆسكەن ئىدىم. دەرۋەقە 92 ـ يىل 7 ـ ئاي ئاخىرلىرىدا بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ قاغىلىق، گۇما، ياركەند، پوسكام تەۋەلىرىگىمۇ كېلىپ ھەرىكەت قىلىشۋاتقانلىقى بايقىلىپ قالدى. قاغىلىقتا بۇلارنى تۇتۇش قوماندانلىق ئورنى قۇرۇلدى. مەركەز، ئاپتونوم رايون، كاشغەر ۋىلايىتىدىن كەلگەن سىرلىق ئەمەلدارلار قۇماندانلىق ئورنىدا تۇتۇشنىڭ بىر يۈرۈش ئاشكارا چارىلىرىنى جەمئىيەتكە تۆۋەندىكىچە ئۇختۇردى.

ئۇختۇرۇشقا:

1)... ئۇلار ئادەتتىكى ئوغرى بۇلاڭچى ئەمەس، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ قوراللىق ئادەملىرى، پۈتۈن جەمئىيەت ئۇلارنى تۇتۇشى، كۆرسە خەۋەر قىلىشى لازىم. بۇ مەجبۇرىيەت، شۇلاردىن بىرنى تۇتۇپ بەرگەن كىشىگە 20 مىڭ يۈەن، كۆرسىتىپ قويغانلارغا 10 مىڭ يۈەن، بار يېرىنى دەپ بەرگەنلەرگە 5 مىڭ يۈەن نەخ پۇل مۇكاپات بېرىلىدۇ. نېمە تەلىۋى بولسا ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ، دېيىلگەن.

2) تېلېۋىزوردا، رادىئو ئوزۇلىدا بۇ تەدبىر ئۇدا 11 كۈن ئېلان قىلىندى. (سۈرەتلىرى كۆرسىتىلدى. يۇرتى، ئىسىم فامىلىسى ئۇختۇرۇلدى.)

3) ئۇختۇرۇشــــتا يەنە، ئەگەر ئـــۇلاردىن بىرەرســـــنى ماشىنا... لىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە سەۋەنلىك بىلەن (يا بىلمەي، تونىماي) يۆتكەپ قويغانلار سىزىلىپ قالسا 10 مىڭ يۈەن جەرىمان ئېلىنىدۇ. ئۆزلىكىدىن مەلۇم قىلسا يەڭگىللىتىلىدۇ. بىلىپ يۆتكىگەنلەر بولسا ئۆزى قولغا ئېلىنىدۇ. ماشىنىسى، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. بىلمەي بىر كېچە قوندۇرغانلار بولسا مىڭ يۈەن جەرىمان ئېلىنىدۇ. تۆۋەنامە يازدۇرىلىدۇ. بىلىپ قوندۇرغانلار بولسا 10 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەيدۇ. ئائىلە باشلىقى قولغا ئېلىنىدۇ.

4) ئۇلارغا بىلىپ تۇرۇپ يول باشلىغان، ئۇزۇق - تۈلۈك، تۇرالغۇ جاي بىلەن تەمىنلىگەن، قاتناش جەھەتتىن مەدەت بەرگەن، يوشۇرغان، ھۆكۈمەت مەخپىيەتنى دەپ قويغانلارنىڭ ھەر قاندىغى شۇ جىنايەتچىلەرگە ئوخشاشلا قولغا ئېلىنىدۇ. ئوخشاشلا ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ. تۈگىشىدۇ...» دېيىلگەن. (مۇشۇ ئېلان بېسىلغان 2 ۋاراق قەغەزنى ساقچى ماڭا كۆرسەتتى، ئوقۇپ كۆردۈم.)

تاغدىن (پادىچىلىقتىن) چۈشۈپ ناھىيە ساقچىسى، ھۆكۈمەت خادىمى بولغان بۇ قوراللىق نوچى قانداقتۇر بىلگەنلىرىنى ماڭا «بىلەرمەن»، «ئەقىللىق» ئەرباپ سۈپىتىدە قىزىقىپ سۆزلەيتتى. ئۇ - دېدى: «بۇ قاچقۇنلاردىن تېپىلغان قورال چەتنىڭكى، جۇڭگودا يوق، بەك يامان قوراللار ئىكەن. تولىسى سېرىلىق تاپانچا،

خەۋەرلــشش ســايمانلىرى، قوراشــتۇرغىلى بولــدىغان ئاپتومـات، كىچىـك بومبـا... 40 مـىڭ يۈەنـدىن جىقـراق ئامېرىكا پۇلى بارىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن چوڭ باشـلىقكەن. ئافغانـستاندىكى ھېكمەتيـار پـارتىزانلىرى بـىلەن ئالاقـىسى — زىـچ بىرلىكـى بـارىكەن. ئـۆزلىرىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام غازاتچىلىرى»نىڭ ئـالاقە ئـۆمىكى دېيـشىدىكەن. مەجلىـسكە مىڭىپـتىكەن... ھۆكـۈمەت بۇلارنىـڭ تىرىـك تۇتۇلغـانلىرىنى تەپـسىلىي سوراق قىلغانـدا ئۇلارنىـڭ يـول باشـلىغۇچى باشـلىقى بـۇ گەپلەرنى تاپشۇرۇپتۇ. مەلۇم بولۇشـچە قـاغىلىق، شـايار، توخـسۇ، كوچـار، ئـۈرۈمچى، پىچـان.... لاردا ئۇلارنىـڭ مـۇھىم مەخپىـي تەشـكىللىرى، بىرلەشـكەن كـۆپلىگەن شىرىكلىرى بارمىش...»

مەن بۇ ساقچى بىلەن بىر ماشىنىدا ئـاز كەم تـۆت سائەت بىلـلە بولـدۇم. دېـمەك، ئـاددى ماختانچـاقلىقى بـىلەن خـــۇددى ئەخلەتنىـــڭ ئارىـــسىدىن تېپىلغـــان قەغەز ئاچقۇچتەكلا رول ئوينىغان بـۇ كـىشى تېخـى مەنـدىن بـۇ گەپلەرنى پەقەت جەمئىيەتكە يېيىۋاتماسلىقىمنى تەۋسىيە قىلـدى. چـۈنكى ئـۇ، كەلگۈسـىدىن ئېھتيـات قىلاتتـى. مەنمۇ «خۇددا ھەققى دېمەيـمەن» دەپ ماشـىنىدىن يـول ئۈسـتىدە چۈشـۈپ قالغـان ۋاقتىمـدا، كېيـىن يەنە كۆرۈشـۈش ئۈمىـدى بـىلەن ئۇنىـڭ يېنىـدا ئوبـدانلا بىـر بوخچامنى «ئۇنتۇپ» قىلىپ چۈشۈپ كەتتىم.

نـىمىلا بولمـسۇن بـۇ گەپلەرنىـڭ مەزمـۇنى، ئـورامى ئۇمـۇمەن پاكـىـت ئـىـدى. بـۇنى قـاغىلىق سـاقچى ئىدارىسىنىڭ گېپى دېيىشكىمۇ بولاتتى.
بـۇ ھەقـتە مېنىـڭ بىۋاسـتە ئـىزدىنىش، (جەمئىيەتـتىن ئىگەلـلەش) جەريانىـدا ئۇققـانلىرىم مۇنـداق: بـۇ يەتـتە يىگىت 1 ـ ھەمىد تالىپ (ئابدۇلھەمىـد قـارى) 27 يـاش، كوچار ئالا قاغىلىق، 2 ـ خەلىـل ئـالتۇن 25 يـاش، كوچـار ئالا قـاغىلىق، 3 ـ مـۇھەممەد ئىمـىن يونـۇس 23 ـ يـاش، كوچار ئالا قاغىلىق، 4 ـ مۇھەممەد ئىمىن سىيىت، كوچار ئۇچ ئۆستەڭلىك. 5 ـ مۇھەممەد ئىمىن ئابدۇۋەلى، كوچار كـۆلچى مەھەللىلىـك، 6 ـ ئـىـدرىس خـان 28 ـ يـاش، قاغىلىق ئوشاقباشلىق. (بۇلارنىڭ باش يېتەكچىسى يەنە بىرىسىنىڭ قاغىلىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسامۇ نـام ـ ھالىنى ئىنىقلاش مۇمكىن بولمىدى.) ئاپتونوم رايونلـۇق ج خ نـازارىتى نامـىدا جەنـۇبى شـىنجاڭدىكى بـارلىق ناھىيىلەرگە تارقىتىلغان ئۇختۇرۇشتا پۇتۇن كۆچ بىـلەن ئۇلارنى (جەمئىـيەت مىقياسـىدا ئوچـۇق) ئـىزدەپ تۇتـۇش تەلەپ قىلىنغـان. شـۇ تەلەپ ئاساسـىدا توخسۇ (شـىنخا) ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ 92 ـ يىل 7 ـ ئاينىـڭ 20 ـ كـۈنى ناھىيىلىـك تېلېـۋىزور ئىستانسـىسىدا چىقارغـان ئېلانىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «... بۇ ئەكسىيەتچىلەر 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شايار‌دا 500 مىڭ يۈەننى بۇلاش ئەنزىسىنى سادىر قىلغـان. ئـۈرۈمچى كوچىلىرىـدا كۆپ قېتىم ئاپتوۋۇز پارتلىتىش ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلغان.

بۇ جىنايەتچىلەر مۇشۇ كۈنلەردە ناھىيىمىز تەۋەسىدىمۇ پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بار. ھۆكۈمەت بۇ ھەقتە يېپ ئۈچى بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى ئالاھىدە مۇكاپاتلايدۇ. قانات ئاستىغا ئالغان، يانباسقانلار سىزىلسە قاتتىق جازالايدۇ...» بۇ خىل بۇيرۇق خاراكتېرلىك ئېلان ئۇدا 5 كۈن ئاڭلىتىلغان. دەرۋەقە بۇ يەتتە يىگىت مېنىڭچە بىر ـ بىرى بىلەن بۇرۇن تونۇشقان، تېپىشقان نىيەتداشلار بولۇشى مۇمكىندەك قىلىدۇ. جەمئىيەتتە بەزىلەر ئۇلارنى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ھەتتا ئالى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ ئىش تاپالمىغان ياشلاردىن چىققان قارام ياشلاردىن بولۇشى مۇمكىن، دېيىشسە، يەنە بەزىلەر «تالىپ» باللارمىش... دېيىشىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن جامائەت پىكرى ھەر خىل، لېكىن نېمىلا بولمىسۇن مېنىڭچە ئۇلار شەخسىي جان باقارلار ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن «قارام بوزۇقلار...» بولماسلىقى مۇمكىن. دەرۋەقە ھۆكۈمەت ئۇلارنى تۇتۇشقا قاتتىق باش قاتۇردى. «ئىنتايىن چوڭ سىياسىي ئەنزە»، «مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ قولى بار...» دېگەندەك سىياسىي پۇراقنى جەمئىيەتكە يايدى. يوللارنى قاتتىق قامال قىلدى. نۇرغۇن باللارنى گۇمان بىلەن تۇت ـ تۇت قىلىۋەتتى. كونا مىللەتچىلەرنى، گۇمانلىق مىللىلارنى قاتتىق مەخپىي رېجىم ئاستىغا ئالدى. نۇرغۇن جايلاردا مۇشۇنداق گۇمان تۈپەيلىدىن گۇناھسىز ئۇيغۇر باللىرى دومبالاندى. ئۆلتۈرۈلدى. قامىۋېتىلدى... بۇ ھۆكۈمەت

نەزىرىدىكى «چوڭ سىياسىي ئەنزە»گە تەۋە ئېنىق پاكىتلىق قىلمىشلار ئىدى، ئەلۋەتتە. قاغىلىقلىق بەزىلەر «.... ئۇلارنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بوكسوگزى دېگەن يېرىدە مەشىق قىلىش، جان ساقلاش بازىسى بار ئىكەن. يېقىندا ھۆكۈمەت تېپىۋالدى» دېيىشتى.
راست دېگەندەك 92 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قاغىلىقنىڭ بوكسوگزى دېگەن يۇرتنىڭ بىر تەرىپى كەنت، بىر تەرىپى كەڭ چۆل بىر مەھەللىسىدە ھۆكۈمەت كىشىلەر ھەرىكەت قىلغان بىر چوڭ يەر ئاستى لەخمە (چوڭقۇرلىقى 20 مېتىر، ئۇمۇمى ئۇزۇنى 100 مودىن جىقراق) ھەرىكەت بازىسىنى تېپىۋالغان.
بەزىلەر بۇ لەخمىنى شۇ يەرلىك ئابدۇلھەكىم ھىسامىدىن ياسىغانمىش دېيىشىدۇ. ھېلىقى ساقچى بۇ لەخمە ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى تەكىتلەپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار بۇ يەر ئاستى بازىنى بارىن ۋەقەسى بولغان چاغلاردىلا بىنا قىلغانمىش... بۇ ئۇلارنىڭ جانبازلىق (چامباشچىلىق) قۇرال بىلەن قارىغا ئېتىش، پىچاقبازلىق، ھەربىي چېنىقىشى... يىغىلىپ پائالىيەت قىلىش... ئورنى ئىكەن. 100 دىن جىقراق ئادەم مەشىق قىلالايدىكەن. قونالغۇ قىلالايدىكەن...»
مېنىڭ ئىزدىنىپ تاپقان مەلۇماتلىرىم بويىچە بۇنى مۇنداق پەرەز قىلىشقا ئورۇن چىقىدۇ. يۇقىرىقى 7 يىگىت 90 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن «يېتىمچى» بولۇپ، شىنجاڭنى چۆگىلەپ يۈرۈپ تېپىشىپ، ئۇيۇشۇپ (تەشكىلات بولۇپ)

ئۆز ئالدىغا مۇشۇ ھاكىمىيەتكە قارشى ھەرىكەت قىلىش ۋە ئۇنى تەدرىجى كېڭەيتىش، قورال، ئىقتىسات توپلاش، ھاجەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ ئۆزىگە تارتىش، ئاقىۋەت ئىنقىلاب قوزغاش — «غازات قىلىش»، چەتئەل بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئۇرۇنۇش، مەخپىي بۇزۇش، تېررورلۇق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش... ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. سەپ كېڭەيتكەن. 6 تال قورال تېپىپ قوراللانغان. ئەمما 91 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىۋارەن ھۆكۈمەت پايلاقچىلىرى بۇلارنىڭ ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، كوچار، شايار، توخسۇلاردىكى بەزى ئادەملەرنى قىسمەن سېزىۋالغان ھەم ئىزدەش نۇقتىسىنى ئۇمۇمەن جەنۇپقا بېكىتكەن. تېپىلغان يىپ ئۇچى بويىچە ئىز قوغلاپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىشكە قادىر بولغان. قاتناش يوللىرىنى توسۇپ ئاختۇرۇش، ئۇلارنىڭ يۇرت، مەھەللە، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، بىلگەن - كۆرگەنلىرىنى نازارەت قىلىش، (باقلاش) ئىشلىرىنى جەمئىيەت دائىرىلىك چوڭ كۆلەمدە داۋام ئەتكۈزگەن. پۈتۈن شىنجاڭدا چوڭ ئىزدەش، تۇتۇش، ئاختۇرۇش، قاماش، «مىڭلىغان ناھەق ئەنزە بولسا بولسۇنكى بىرمۇ گۇمانلىق ئادەم توردىن قۇتۇلۇپ قالمىسۇن» دېگەن خىزمەت يۆنىلىشى بويىچە جىددى ئاختۇرۇش ئەۋج ئالدۇرۇلغان. نەتىجىدە بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بوكسۇگزىدىكى يەر ئاستى لەخمە پاش بولۇپ قالغان. (بەزىلەر شۇ يۇرتلۇق 2 مېتىر ئېگىز بىر ئادەم «x» پاش

قىلىپ قويۇپ 20 مىڭ يۈەن مۇكاپات ئاپتۇ دېيىشىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم شۇندىن كېيىنلا يۇرتتىن غايىپ بولۇپ كەتكەنمىش). ئەمما لەخمىدىكى ئادەملەردىن بىرسىمۇ تۇتۇلماي قېچىپ كەتكەن. لەخمىدىن بىر ماشىنىدەك تەنتەربىيە ئايىغى، رىزىنكە مۈش، 100 دەك قوۇم ئېسىلغان خالتا، بىرەر هارۋا كالتەك، 50 نەچچە باكلاشكا قولغا چۈشكەن. يۇقىرىقى 7 يىگىت قاغىلىق تەۋەسىدىكى ئاشۇ ئورنىدىن قاچقان كىشىلەرنىڭ باشلىقلىرىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇلار ئۆز شېرىكلىرىنى ئوبدان قاچۇرىۋاتقاندىن كېيىن يەتتىسى بىرلىشىپ 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگىچە مەخپىي تەييارلىنىپ ئاخىرى قاغىلىقلىق «شەخسىي سودىگەر» (تىبەتكە گۆرۈچ يۆتكەپ ساتىدىغان «سودىگەر») تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئىشسىز قىلىپ، دادىسىنىڭ كۈچى بىلەن ماشىنا سېتىۋېلىپ، رەۋەندىچىلىك يولغا كىرگەن 26 ياشلىق مەجىد تۇراپنىڭ ماشىنىدا قارا قۇرۇم ئېگىزلىككە (قاغىلىق ـ تىبەت دۆلەت تاشيولى ئارقىلىق) چەتكە كېتىشكە تۇتۇنغان. مەجىد تۇراپمۇ ئۇلارنىڭ هەر بىرىدىن 200 يۈەندىن كىرا پۇلى ئېلىپ (مېنىڭچە بۇ بىر خىل شەكىلغۇ ئەلۋەتتە) قاغىلىق ـ تىبەت تاشيول تارماقلىرىنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشلىرىدىن، قاغىلىق تىبەت چېگرىسىدىكى چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرىنىڭ سەزگۈر قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ بۇ 7 كىشىنى گۆرۈچنىڭ تېگىگە مەخسۇس ئورۇن راسلاپ ياتقۇزۇپ،

ئۇستىدىن 4 توننا (40 تاغار) گۆرۈچ بېسىپ، تېگىشلىك ھۆكۈمەت رەسمىيتىنى ئۆتەپ يولغا چىققان. 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە قاغىلىق - تىبەت تاشيولى بىلەن قارا قۇرۇم تاغلىرىنى يېرىپ ئىلگىرىلەپ قاغىلىق بازىرىدىن 222 كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن مازار تاشيول بازىسىدا شۇلارنىڭ تەلۋى بىلەن ماشىنىدىن بىر جىلغا ئىچىگە چۈشۈرۈۋېتىپ ئالدى تەرەپكە «گۆرۈچ ساتقىلى» كېتىپ قالغان. بۇ يەتتە كىشى يولباشلىغۇچى ئىدرىس دېگەن يىگىتنىڭ باشلىشى بىلەن بىر كۈن پىيادە مېڭىپ (پىيادە مېڭىشتىن باشقا زادىلا چارە يوق، ئىدىرلىق ئەلۋەتتە.) 2 ئايرىش يول بەندىرىگە دۈچ كەلگەندە، مىنىڭچە بۇ ئىككى يولنىڭ بىرسى - رەسكەم يولى - تاشقورغاننىڭ دەپتەر يېزىسغا تەۋە رەسكەم ئىدىرلىقىدىن ئافغانىستان تەۋەسىگە كېتىدىغان مەخپىي چىغىر يول، يەنە بىرى گارشىن (لاداخ) ۋادىسى ئارقىلىق كەشمىرگە كېتىدىغان كونا چىغىر يول ئىدى. بۇ يولۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى مۇددىئاسىنى چىقىش قىلىپ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئافغان چېگرىسىنى نىشانلاپ رەسكەم (ئۈرۈك) ئىگىزلىگىگە قاراپ تەخمىنەن 36 كىلومېتىر ئىلگىرىلىگەن. لېكىن ئۇلار پۈتۈنلەي يولسىز قارلىق ئىدىرلىقلاردا ئىلگىرىلىگەن. 2) دىن 4 - 5 كۈن ئىسسىق ئىچمىگەن، قۇرۇق نان، سوغۇق سۇ بىلەن ئوزۇقلىنىپ نۆلدىن تۆۋەن 13 ــ 14 - گىرادۇسلۇق ھاۋاسى شالاڭ داللاردا جىسمانى جەھەتتىن خېلىلا ماغدۇرسىزلانغان.

3) دىن 4500 مېتىر ئېگىزلىكتە ئوكسىگېن يېتىشمەي (تىنىق ئالاھىدە نورماللىسىزلىشىپ) ئادەتتىكى بىر كۈنلۈك يولنى ئىككى سوتكا مېڭىش ھالىتىگە چۈشۈپ قىلىشقان. 4) دىن ئۇلاردا ئىدىيە جەھەتتە سوبىكتىۋ ئىرادە، قەتئىي نىيەت، تەۋرەنمەس قۇۋۋەت ـ جاسارەت كۈچلۈك بولغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە تەجرىبە، تەييارلىق، ئېھتىيات، مۇكەممەل تەدبىر ـ ئۇسۇل جەھەتلەردە خاملىق كۆرۈلگەن. (قاراملىقنى ئاساس، ئېھتىياتنى ئۆزەكى بىلگەن.) يول ئۈستىدىكى سەزگۈرلىكى، جىددى ھالەت مەۋقەلىرى سۇسلىشىپ، بىخۇت جاسارەتكارلاردىن بولۇپ قېلىشقان. ئالدىن كۆزەتچى ماڭغۇزمىغان، ئاقىۋەت نەتىجىدە تىك ئۇچار تۇيۇقسىز يەرگە قونغاندىلا دەرھال تەمتىرەش، ھودۇقۇش، زەئىپلىكىنى ئىپادىلەشكەن. يۈدۈۋالغان تېڭىقلىرىدىكى ئوق، تاپانچىلارنى، پىچاقلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن. 4 تەرەپنى تەڭ قورشاۋغا (پىلىموت، ئاپتومات، بومبىلارنىڭ ئاغزىغا) توغرىلىنىپ قىرغىن مۇھاسىرىسىدە قالغان. لېكىن شۇنداق ھالەتتىمۇ «x» يىگىت ئاپتوماتلىق ساۋۇت يېقىنلاپ «قولۇڭنى كۆتۈر» دېگەندە قولنى كۆتۈرۈپلا ساۋۇت بىلەن بوغۇشۇپ دۈملاشقان. ساۋۇتنى بېسىۋالغان. يېنىدىكى پىچاققا قول ئۇزاتقاندا ساۋۇت ئاپتوماتىنىڭ ئاغزىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ ئېلىپ 11 پاي ئوق ئۈزۈپ مەرھۇمنى ئېتىپ تاشلىغان.

شـــۇنداق قىلىـــپ 2 ســـائەتكە قالمـــاي گوجـــشەن قوماندانلىقــدىكى ژانــدارما 7 يىگىتنىـــڭ تەقــدىرىنى تەلتۆكۈس نابۇت قىلىپ «غەلىبە» بىلەن قايتىپ تەنتەنە قىلغان. 25 ـ 26 ـ كۈنلىرى ھۆكۈمەت شوپۇرى مەجىد تۇراپنى تۇتۇپ گۈرۈچ بىلەن ماشىنىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى باغلاپ، تۇتقانلارغا قوشۇپ «چوڭ جىنايەتچى» دەپ ئېلان قىلغان ھەم ئۇ يىگىتلەرنىڭ «ھەمراھلىرى» «ھەمشىرىكلىرى» دەپ قاغىلىقتىن 20 نەچچىنى تۇتۇپ ئــۈرۈمچىگە يــۆتكەپ كەتــكەن. قــاغىلىق بـــۇ ۋەقە مۇناســـۋەتتى بىـــلەن ئېغىـــر جـــازا، ئېغىـــر كـــۈن، قـــاتتىق تەكشۈرۈش نىشانلىرىنىڭ ئەڭ يامـان لاگىـرى ھېسابىدا ھۆكـــۈمەت كـــۆچىنى تىتىـــپ (ئېغىـــر خەۋپ ئىچـــدە) تۇرماقتا.

مۇشــۇ ئىـــش مۇناســـۋەتتى بىـــلەن 11 ـ ئاينىـــڭ 12 ـ كـــۈنىگىچە جەنــۇبى شــىنجاڭنىڭ بەزى ناھىيىلىرىــدىن 2000 دىن جىقىراق «دۈشمەن»نىـڭ تۇتۇلغـانلىغى، 700 دەك ئـــائىلە رىجىمـــگە ئېلىنغـــانلىقى، 500 دەك ئـــائىلە جەرىمانە تۆلىگەنلىكى ھەققىـدە غەيـرى رەسـمى خەۋەرلەر ھـــازىرچە تارقىلىـــپ يـــۈرمەكتە. قـــاغىلىق داۋالغۇماقتـــا، كۆرەشمەكتە.

* * * * * * *

ئىنىـسانىنىڭ تـۈپ ھوقـۇقى كـۆز يېـشى بىـلەن ئەمەس، ئىسسىق قان بىـلەن قولغا كېلىـدۇ. كىمـدۇر بىرسـىنىڭ

تارىختا قالدۇرغان بۇ سۆزى مېنىڭ يەنى «ئىزچى» نىڭ بۇ قېتىمقى شەھىد قۇربانلىرىمىزغا تەزىيە ئەسلىمىسى بولۇپ قالغاي.

«ھاقارەتلىك ھاياتتىن ئۆلۈم ئەلادۇر» (ئىزچى)

# ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن زادى قانداق نېمە؟ سەرلەۋھىلىك ماقالىغا جاۋاب

ھاجى ياقۇب يۈسۈپى ئانات

1989 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەرھۇم ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يۇقىرىدىكى سەرلەۋھىلىك ماقالىسى ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيونىدا ئۆز ئاغزى بىلەن ئوقۇلغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا يەنە ئۆزى تەرىپىدىن ئوقۇپ بېرىلگەن. ئوندىن كېيىن سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاخبارات ژۇرنىلىدا بېسىلىپ ئىچكى ماتېرىيال سۈپىتىدە تارقىتىلغان.

شۇيىلى 20 ـ ئاۋغۇستتا مەن تۇرپان شەھىرىدە ئېچىلغان بىرىنچى نۆۋەتلىك ئۈزۈم بايرىمىغا كەتكەنىدىم، قايتىپ كەلسەم بەزى دوستلار مېنى ئىزدىدى ۋە ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ماقالىسىنى تېلېۋىزىيوندا ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشتى. 6 ـ 7 يىللار ئۆتتى، ئۆتكۈر ئەپەندىمۇ ۋاپات قىلدى، بۇ ماقالىنى كۆرۈش ماڭا نەسىپ بولمىدى. تۈركىيىگە چىققىنىمدىن كېيىن بۇ ماقالا قولۇمغا چۈشتى، ئوقۇپ ھەيران بولدۇم.

بۇ ماقالىگە جاۋاب بېرىشنى بۇرچ ھېساپلاپ بۇ ماقالىنى يازدىم، قۇسۇرلىرى بولسا كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدلىرىنى سورايمەن.

1

ئۆتكۈر ئەپەندى 3 بۆلۈم قىلىپ يازغان ماقالىسىنىڭ 1 ـ بۆلۈمنىڭ بېشىدىلا مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردە شىنجياڭنىڭ نامى «غەربىي دىيار» (شىيۈ) دەپ ئاتالغان رايوندا ئىدى ... دەپ ماقالىسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بىرىنچى ئەسىردىن بۇرۇن بويەرنىڭ نامى يوقمىدى؟ مەلۇمكى تارىختىن بېرى يەرشارىدىكى ھەممە يەرنىڭ نامى بار. جانابى ئاللاھ ھەممە شەيئىلەرنىناملىرى بىلەن ياراتقان. دونيادا نامسىز بىر شەيئى يوق. ئاپتورچە «شىنجياڭ» دېگەن بۇجاينىڭ، مېنىڭچە تارىخنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىدە تۈرلۈكچە ناملىرى بولغانىدى. ماقالىغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال ئانا يۇرتىمىزنىڭ تەرىپىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم. تۈركى خەلقلەرنىڭ ئانا يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيادۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى، خېشى كارىدورى، چىڭخەي (كۆككۆل)، شەرقىي تۈركىستان، ئامۇ دەريا، سىر دەريا ۋادىلىرى، قازاقىستان دالاسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ۋە پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسىملىرىنى ئۆز

ئىچىگە ئالدۇ . تۈركىي خەلقلەر تارىخىنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىدە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ھەر تەرەپلەرگە كۆچ قىلدى. موڭغۇلىستان ۋە چىن مەملىكىتىدىن بالقانلارغىچە سوزۇلغان كەڭ ساھەگە تارقالدى. بارغان يەرلىرىدە مەملىكەتلەر قۇردى، ئېغىر كۈنلىرىدە يەنە ئانا ۋەتىنىدىكى قېرىنداشلىرىغا قايتا كۆچۈپ كەلدى. مەرھوم ئۆتكۈر ئەپەندى ۋەتىنىمىز نامىنى چىنلەر قويغان Xiyu(شيۈ) — غەربىي دىيار نامىدىن باشلاپتۇ. ئۆندىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرى قايسى نام بىلەن ئاتىلاتتى؟

1 ـ ساكلار دۆلىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى 17 ـ ئەسىردە ۋە ئۇنىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا ساكلار سەلتەنەت سۈرگەنىدى. «شاھنامە» دىكى ئىران، تۇران ئۇرۇشلىرىغا باشچىلىق قىلغان ئالىپ ئەر تۇڭا (ئافراسىياب) تۇران ھۆكۈمدارى، يەنە ”دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك“ تە تىلغا ئېلىنغان ”شۇ داستانى“ مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 ـ يىللاردا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماۋەرائۇننەھرىدە ياشىغانلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تارىخلاردا ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەن ئىسكەندەر قوشۇنى تۈركلەرنى ئالتاي تاغلىرىغا قوغلىغانلىقلىرىنى يەنە شۇ ”شۇ داستانى“ دىن بىلمەكتىمىز. يەنە بۇ داستان 22 ئۇغۇز قەبىلىسى بىلەن ئىككى خالاچ قەبىلىسىنىڭ شەرققە كەتمەي، قەدىمكى يۇرتلىرىدا قالغانلىقلىرىنىمۇ بىلدۈرمەكتە. دېمەك، بۇ دەۋرلەردە ئانا يۇرتىمىز تۇران

بىرلىكى ئىچىدە بولغاچقا، بۇ دەۋرىدىكى نامىمىز تۇران بولۇپ، ”غەربىي دىيار“ ياكى ”شىنجياڭ“ ئەمەسىدى.
2 ـ هۇن ئىمپېراتۇرلۇقى مىلادىدىن بۇرۇنقى ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى چىنلەرنىڭ شىيا(xia) خانىدانلىقى دەۋرىدە هۇنلارنىڭ ئەجدادى شياخۇشى ۋە چۈنۋىيلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. هۇنلار چىننىڭ شىمالى رايونلىرىدا ياشايتتى. بۇلار توغرىسىدىكى ئېنىق تارىخىي مەلۇماتىمىز مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن باشلىنىدۇ. هۇنلار چىنغا پات ـ پات هۇجۇم قىلاتتى. چىنلەرمۇ بۇلارغا قارشى چىن سەددىسىنى ياسىغانىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 ـ 174 ـ يىلىغىچە هۇن هۆكۈمدارى باتۇر (مەتە) تەخىرىقۇتىنىڭ 35 يىللىق سەلتەنەت دەۋرى هۇن تۈركلىرىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى ئىدى. بۇ دەۋرىدە هۇنلار ئىدىل(ۋولگا) دەرياسىغىچە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلەشتۈرۈپ تۈرك ۋە غەيرى تۈرك خەلقلىرىنىڭ سىياسى بىرلىكىنى قۇرغانىدى. كېيىن ئىچكى ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلى هۇن ئىمپېراتورلۇقى شىمالىي هۇن ئىمپېراتورلۇقى ۋە جەنۇبىي هۇن ئىمپېراتورلۇقى دەپ ئىككىگە ئايرىلدى. شىمالى هۇن ئىمپېراتورلۇقى 257 ـ يىل سەلتەنەت سۈرۈپ. مىلادى 48 ـ يىلى سىيانپىلار تەرىپىدىن مۇنقەرىز قىلىندى. جەنۇبىي هۇن ئىمپېراتورلۇقى بولسا (هۇن ئىمپېراتورلۇقى قۇرۇلغان تارىختىن هېسابلىغاندا) 452 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 216 ـ يىلى ئاخىرلاشتى. دېمەك، بۇ بەش

ئەسىرگە يېقىن دەۋرىدە ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ نامى ھۇن ئىمپېراتورلۇقى ئىدى. ”غەربىي ديار“، ”شىنجياڭ“ ئەمەسىدى.

3 ـ سىيانپىلار دۆلتى شىمالى ھۇن ئىمپېراتورلۇقىنى مۇنقەرىز قىلغان سىيانپىلار مىلادى 93 ـ يىلىدىن 394 ـ يىلىغىچە ئۈچ ئەسىر قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ دەۋرىدە ئانا يۇرتىمىزنىڭ نامى سىيانپىلار دۆلتى ئىچىدە ئىدى. ”غەربىي ديار“، ”شىنجياڭ“ ئەمەسىدى.

4 ـ جۇجەنلەر(ئاۋارلار) دۆلتى مىلادى 394 ـ يىلىدىن 552 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاۋارلار بىر يېرىم ئەسىر قەدەر ھۆكۈم سۈردى. بو دەۋردە ئانا يۇرتىمىز ئاۋار ئىمپېراتورلۇقى ئىچىدە بولدى. ”غەربىي ديار“، ”شىنجياڭ“ ئەمەسىدى.

5 ـ كۆكتۈركلەر ئىمپېراتورلۇقى ئالتاي ۋادىلىرىدا ياشىغۇچى كۆكتۈركلەر ھۇن بىرلىكىدىن كېيىن جۇجەنلەر (ئاۋارلار)نىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا قالدى، ئالتايلاردا تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. چىن مەنبەلىرىدە تۇجۇ دەپ ئاتالغان بۇ تۈركلەر بۇمىن قاغان باشچىلىقىدا جۇجەنلەرگە قارشى قوزغىلاڭ قىلىپ ئىستىقلاللىرىنى قازاندى. مىلادى 552 ـ يىلىدىن VIII ـ ئەسىرگىچە تارىختا تۈرلۈكناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن تۈركلەر دەسلەپ تۈرك نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى، قۇرغان دۆلىتىنىڭ نامى كۆكتۈرك ئىمپېراتۇرلۇقى دەپ

ئاتالدى. تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي شىمالىي ئاسىيا بۇ ئىمپېراتۇرلۇقنىڭ ئىچىدە ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ نامى تۈرك، خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تۈرك ئىدى. ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىر تۈرك ئېلى — تۈركىستان ئىدى. دۆلەتنىڭ تىلى تۈركچە ئىدى. تۈركچىلىك، تۈركچەچىلىك بۇ ۋاقىتتا باشلانغاندى.

ئۆتكۈر ئەپەندىم ماقالىسىدا «پانتۈركىزم ئەكسىيەتچى ئېقىمى 30 ـ يىللاردا شىنجياڭغا كىرگەن...» دەپتۇ. مېنىڭچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۈركچىلىكى، تۈركچەچىلىكى دەسلەپ كۆكتۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە باشلانغان. تۈركلەرنىڭ مىللىيىتىنى، تىلىنى، ئىستىقلاللىرىنى ساقلاشتا جىھاد بايرىقى بولغان بۇ ئىنقىلابىي ئوراننى ھەرگىزمۇ ئەكسىيەتچى پىكىر ئېقىمى دېگىلى بولمايدۇ. شۇ پىكىر، شۇ تىل، شۇ دىن، شۇ ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن مىللىيىتىمىزنى ساقلاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ پىكىر ئېقىمى ئىستىقلالچىلارغا قارشى، مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى، مۇھاجىرەت ئېقىمىغا قارشى ۋەتەننى، مىللەتنى، تىلىمىزنى، دىنىمىزنى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى ساقلاش، ئىنسانىي ھەقلىرىمىزنى ۋە مىللىي ئىستىقلالىمىزنى قازىنىش ھەرىكىتىمىزدە ئىلغار، ئىنقىلابىي بىر پىكىر ئېقىمىدۇر. ھازىرقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلىي كۈرەش ھەرىكەتلىرى بۇنىڭ پۈلاتتەك دەلىلىدۇر.

دۇنيادا دۆلەت ۋە جۇغراپىي رايونلارنىڭ نامى تارىختىن بېرى شۇيەردە ياشىغۇچى، شۇيەرنىڭ ھەقىقى ئىگىلىرى بولغان خەلقنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە، بۇ بىر تارىخى ئەنئەنىدۇر. مەسىلەن، ئالمانلار يۇرتى ئالمانىيە، ئىنگلىزلەر يۇرتى ئەنگلىيە، فرانسۇزلار يۇرتى فرانسىيە، روسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ... كەبى. يەنە ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادا ياشىغۇچى مىللەتلەرمۇ شۇ تارىخى ئەنئەنە بويىچە پارسچىدىكى ئورۇن، زېمىن، ئەل مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «ستان» قوشۇمچىسىنى مىللەت ناملىرىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇپ ئېلىنىڭ نامى قىلغان. مەسىلەن: تۈركىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، ئەرەبىستان، ھىندىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، چېچەنىستان، بېلۇچىستان، موغۇلىستان، ماجارىستان، داغىستان، قاراقالپاقىستان.... كەبى. دېمەك، ئانا يۇرتىمىزنىڭ نامى تۈركىستان. تۈرك ئېلى دېگەن بۇ نام كۆكتۈركلەر دەۋرىدە باشلانغان دېيىشكە تارىخىي، ئىلمىي جەھەتتىن ھەقلىقمىز. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەرنىڭ پەيدا بولغان يېرى، ئانا يۇرتى بولغىنى ئۈچۈن تۈركىستان دەپ ئاتىلىشى توغرىدۇر، ھەقلىقتۇر، ۋەتەن نامىنى ۋەتەننىڭ ئۆز خەلقى قويۇشلىرى كېرەك. ياتلارنىڭ، ئىستىلاچىلارنىڭ غەرەزلىك قويغان ناملىرىنى ئەسلا قوبۇل قىلماسلىق لازىم. چۈنكى چىنلىقلار ۋە روسلار ئات قويۇپ بېرىدىغان ئىمام ئەمەستۇر.

كۆكتـۈرك خاقـانلىقى دەۋرىـدە تـۈركچە سۆزلـىشـدىغان بارلىق خەلقلەرگـە "تۈرك" تىلىمىز "تـۈركچە" دېيىلـدى، مەڭگـۈ تاشـلارغا يېزىلـدى. قاراخانىلاردەۋرىـدە ياشـىغان مەھمـــۇد كاشـــغەرى ئەســـرىگە "دىـــۋانى غەرىبـــي دىيار"، "دىـۋانى شـىنجياڭ" دېمـدى. "دىۋانـۇ لۇغاتىـت تۈرك" (تۈرك تىللىرى دىۋانى) دېدى، مەھمۇد كاشغەرى ئاللاھقـــا ھەمـــدە ئېيتقانـــدىن كېـــيىن ئەســـرىنى مۇنداق: "مەن مۇھەممەد ئوغلى ھۈسەيىن ئوغلى مەھمـۇد كـــۆردۈمكى، ئۇلـــۇغ ئـــاللاھ دۆلەت قوياشـــىنى تـــۈرك بۇرجلىرىدا تۇغـدۇردى، پەلەكنىـڭ چـاقلىرىنى ئۇلارنىـڭ مەملىكىتـى ئۈسـتىدە قـايغۇزدى ۋە ئۇلارغـا تـۈرك نـامىنى بەردى" دەپ يازىدۇ.
يەنە شۇ دەۋرىدە يېزىلغان "قۇتادغۇبىلىـگ" نىـڭ نەسـرى سـۆز بېـشىدا مۇنـداق: "قـامۇغ تۈركـىستان ئىللىرىنـدە بۇغراخـــان تىلىـــنچە تـــۈرك لـــۇغەتىنچە بـــۇ كىتـــابتىن ياخشىراق ھەرگىز كىم ئەرسە تەسـنىف قىلمـادى"، يەنـى پۈتـــۈن تۈركـــستان ئەللىرىـــدە بۇغراخـــان تىلىـــدا بـــۇ كىتابتىن تېخىمـۇ ئوبـدىنىنى پەقەت ھېـچكىم يازمـدى"، دېيىلگەن.
بۇ تارىخى مەنبەلەرگە قارىغاندا ئـاللاھ بىـزگە قويغـان بـۇ تارىخى تۈرك نامى كۆكتۈرك خاقانلىقى دەۋرىـدە سىياسـي جەھەتتىن بـارلىق تـۈركىي خەلقلەرنىـڭ ئورتـاق مىللىـي نامى، تۈرك خاقـانلىقى بـارلىق تـۈركىي خەلقلەرنىـڭ ئانـا ۋەتىنى بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن "تۈركستان" تەبىرى

«قۇتادغوبىلگ» دە تىلغا ئېلىنغان. شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈش لازىمكى، تۈركىستان ئاتالمىسى قاراخانىيلار دەۋرىدە بىر كېچىدىلا ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان ئاتالما ئەمەس. بونىڭمۇ كۆكتۈركلەر دەۋرىدىن باشلانغان بىر تارىخى تەرەققىيات جەريانى باردۇر.
"قۇتادغۇ بىلگ" نىڭ نەزمى تەرجىمىسگە بىززات قاتناشقان ئۆتكۈر ئەپەندى ماقالىسىدا: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىملىرى مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلگ» ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ "تۈركىستان" دېگەن نام ئۇچرىمايدۇ،" دېگەن. "قۇتادغۇ بىلگ" تىكى تۈركىستان توغرۇلۇق يېزىلغان بۇ ئابزاسنى ماقالىنىڭ ئاپتورى كۆرمىدىمىكىن دېسەم ئەقلىم قوبۇل قىلمايدۇ. بەلكىم ماقالىنى ئوقۇمىغان جانابى فوۋېن بۇ يېرىنى ئالدۇرىۋەتكەن بولۇشى كېرەك.
6 ـ ئۇيغۇرلار دۆلىتى شىمالى مۇڭغۇلىستاندىكى ئورخۇن دەرياسى ئەتراپىدا كۆكتۈركلەر بىرلىكى ئىچىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار مىلادى 745 ـ يىلى شەرقىي كۆكتۈرك دۆلىتىنى يىقىتىپ، مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇردى، دەسلەپكى مەركىزى ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قارابالغاسۇن شەھىرى ئىدى. مىلادى 840 ـ يىلى قىرغىزلار قوزغىلىپ ئۇيغۇر دۆلىتىنى يىقىتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى چىنىنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىگە ئورۇنلاشتى. يەنە بىر قىسمى

شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى قۇرۇپ داۋاملاشتى. بۇ يەردە يۈكسەك بىر مەدەنىيەت يارىتىپ 13_ ئەسىرگىچە يەنى موڭغۇل ئىستېلاسىغىچە داۋام قىلدى. بو 475 يىللىق دەۋرىدە ئانا يۇرتىمىزنىڭ نامى ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئىدى. ”غەربىي دىيار“ ۋە ”شىنجياڭ“ ئەمەسىدى.

7 - تۈرگىشلەر دۆلىتى مىلادى 659 - يىلى غەربىي كۆكتۈرك دۆلىتىنىڭ يىقىلىشىدىن كېيىن بۇ رايوندا ياشىغۇچى تۈرگىشلەر تۈرگىشلەر دۆلىتىنى قۇردى. تۈرگىشلەر بىر تەرەپتىن چىنلىقلار بىلەن يەنە بىر تەرەپتىن ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەن ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ تۈرك دۆلىتى تاشقى ئۇرۇشلار ۋە ئىچكىي پاراكەندىچىلىكلەر تۈپەيلى بىر ئەسىردەك سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 766 - يىلى يىقىلدى. بۇ دەۋردە ئانا يۇرتىمىزنىڭ نامى تۈرگىشلەر دۆلىتى ئىدى. ”غەربىي دىيار“، ”شىنجاڭ“ ئەمەسىدى.

8 - قارلۇقلار دۆلىتى مىلادى 766 - يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە غەربىي كۆكتۈركلەر دۆلىتىنى يىقىتقان قارلۇقلار، تۈرگىش دۆلىتىنىڭ يىقىلىشىدىن كېيىن بۇ رايوندا قارلۇقلار دۆلىتى قۇردى. 8 - 9 - ئەسىرلەردە مۇسۇلمان ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشتى. 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتىنى

قۇرۇشـقا مـۇھىم ھەسـسە قوشـتى. بـۇ دەۋردە ئانـا يۇرتىمىزنىڭ ئىسمى قارلۇقلار دۆلتى ئىدى. ”غەربىي دىيار“ ، ”شىنجياڭ“ ئەمەسىدى.
9 ـ قاراخانىيلار دۆلتى مىلادى 848 ـ يىلى ئۇيغۇرلار، قارلۇقلار، چىگىللەر، ياغمىلار، توغىسلاردىن ئىبارەت تۈرك قەبىلىلىرى ئاسىيانىڭ كىندىكى — تۈركىستاندا كاشغەر، بالاساغۇن ۋە سەمەرقەندنى مەركەز قىلىپ، قاراخانىيلار دۆلتىنى قۇردى. بۇ يەرلەر بۇرۇن ئۆتكەن تۈرك ئىمپېراتورلۇق ـ خانلىقلىرى ئۈچۈن بىر يان رايونلار ھېساپلىناتتى. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە تۈنجى قېتىم تۈركي خەلقلەرنىڭ مەركەز رايونىغا ئايلاندى. قاراخانىيلاردىن بۇرۇنقى مىڭ يىلدىن بىرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تۈرك خانلىقلىرى شەرق دۆلتى بولۇپ، مەركىزى كۆچ شەرقي شىمالىي ئاسىيادا، پايتەختلىرى ئۆتۈكەندە يەنى موڭغۇلىستاندا ئىدى. قاراخانىيلار بولسا تۈركلۈكنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى يىراق شەرقتىن ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكىگەنىدى. قاراخانىيلارنىڭ 3 ـ خاقانى ساتۇق بۇغراخان دەۋردە يەنى مىلادى 924 دە بۇ رايوننىڭ خەلقى مۇسۇلمان بولدى. بۇ ھادىسە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گېئوپولتىك ھالىتىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇسۇلمانلىششىدا تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. كېيىن قاراخانىيلار دۆلتى تەڭرى تاغلىرىنى پاسىلە قىلغان ھالدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىدىكىلەر دەسلەپ بالاساغۇن، كېيىن كاشغەرنى پايتەخت قىلىپ، مىلادى

1047 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار، تەڭرى تاغلىرىنىڭ غەربىدىكىلەر سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان ھالدا غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى بولۇپ ئىككىگە ئايرىلدى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئارسلان قاراخان — بۈيۈك خاقان، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى بۇغرا قاراخاقان — ئورتاق خاقان دەپ ئاتالدى. شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى ”خاقانىيە دۆلىتى“ دېيىلدى. شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى 282 يىل — 3 ئەسىرگە يېقىن سەلتەنەت سۈرۈپ، مىلادى 1130 ـ يىلى قاراقىتانلار تەرىپىدىن يىقىتىلدى. غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى داۋاملىق ھالدا بىر مۇددەت ياشىغاندىن كېيىن، دەسلەپ سەلجۇقىيلەر، كېيىن قاراقىتانلار، ئاخىرىدا خارەزىمشاھلارغا خىراج تۆلەپ يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە جەمئى 364 يىل ياشاپ، ئاخىرىدا مىلادى 1212 ـ يىلى خارەزىمشاھلار تەرىپىدىن مۇنقەرىز قىلىندى. بۇ دەۋردە ئانا يۇرتىمىزنىڭ ئىسمى ”غەربىي دىيار“، ”شىنجياڭ“ ئەمەس، تۈركىستاندى.

10 ـ قاراقىتانلار دۆلىتى مىلادى 907 ـ يىلى جەنۇبىي مانجۇرىيەدە ياشايدىغان قىتان قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى يەل ئاباۋگى قىتانلار خانلىقىنى قۇردى. چىن تارىخىدا بۇلار لياۋخاندانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. شىمالى چىندە 218 يىل سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن جۇرجىتلەر (تۇڭگۇسلار) تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان قىتانلار شەرقىي تۈركىستان تەرەپكە سۈرۈلدۇ. مىلادى 1125 ـ

يىلى قارا قىتانلار باشلىقى يەل تاش زەئىپلىشىپ قالغان قاراخانىيلار دۆلىتىنى يىقىتىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىستاندا قىتانلار خانلىقىنى قۇردۇ. تارىختا بۇ خانلىق قاراقىتانلار ياكى غەربىي قىتانلار خانلىقى دەپ ئاتالدى. خانلىرى گۇرخان دېيىلەتتى. مانا بۇ بىر ئەسىرگە يېقىن دەۋردە ئانا يۇرتىمىزنىڭ ئىسمى ”قاراقىتانلار دۆلىتى“ ئىدى. ”غەربىي دىيار“، ”شىنجياڭ“ ئەمەسىدى.

11 ـ موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقى موڭغۇل شىرۋېي قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تېمۇچىن، كرايىتلەرنىڭ دەستەكلىشىدە مەركىتلەرنى يەڭگەندىن كېيىن مىلادى 1196 ـ يىلى موڭغۇل خانى بولدى. مىلادى 1202 ـ يىلى تاتارلارنى، 1203 ـ يىلى بۇرۇنقى ئىتتىپاقدىشى كرايىتلەرنى، 1204 ـ يىلى نايمانلارنى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. 1206 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسى بويىدا ئېچىلغان قۇرۇلتاي چىڭگىزخاننى قاغان ئېلان قىلدى. قاغانلىقنىڭ ياسا (قانۇن)لىرى تۈزۈلدى، قوشۇن تەشكىل قىلىندى، مۇھۇردارلىق قۇرۇلۇپ، ئىمپېراتورلۇقنىڭ تامغىسى دەسلەپ نايمانلاردىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخان مىلادى 1205 ـ يىلدىن 1209 ـ يىلغىچە تاڭغۇت خانلىقىنى، 1211 ـ يىلدىن 1216 ـ يىلغىچە چىندىكى جۇرجىتلەرنى بويسۇندۇردى. چىن يۇرۇشلىرىنى داۋام ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ياردەمچى باش قۇماندان مۇقالىسنى

قالدۇرۇپ، ئۇزى موغۇلىستانغا قايتتى. غەرب فۇتۇھاتى تەييارلىقىغا كىرىشكەندى. چىڭگىزخان غەرب يۈرۈشىگە چىقىش ئالدىدا قاراقىتانلارغا قارام بولۇپ قالغان تۇرپان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارتېگىن قىتانلار نازىرىنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلدى ۋە چىڭگىزخانغا كيوغۇل بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1217 ـ يىلى غەرب يۈرۈشىگە چىققان چىڭگىز قوشۇنى تۇرپاندا ياخشى قارشىلاندى. قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، كاشغەر، ياركەند، خوتەن.... كەبى شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى موڭغۇل قوشۇنىنى خالاسكار سۈپىتىدە قارشى ئالغاچقا شەرقىي تۈركىستان شەھەرلىرى ئۇرۇشسىز ئېلىندى. ۋەيرانچىلىق بولمىدى. ئۇيغۇر، قارلۇق، سىرىق ئۇيغۇرلارغا ئېچكى مۇستەقىللىق بېرىلدى. ئالتە شەھەرگە ماڭلاي سويا ئاتلىق كىشى ۋالى تەيىن قىلىندى. ماڭلاي سويانىڭ بىر ئايىقى ئاقساق بولغاچقا، چىڭگىزخان ئۇنى دوغلات دەر ئىدى. دوغلات موڭغۇلچىدا ئاقساق دېگەن بولىدۇ. شۇ تۈپەيلى مىلادى 1515 ـ يىلغىچە ئالتىشەھەر ھۆكۈمدارى بولۇپ كەلگەن ماڭلاي سويا خاندانى تارىخىمىزدا دوغلات خاندانى دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ موڭغۇل قوشۇنى مىلادى 1218 ـ يىلى قارا قىتانلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، 1219 ـ يىلى خارەزىمنى ئالدى. چىڭگىزخاننىڭ ئىرانغا ئەۋەتكەن قوشۇنى جەبە نويان ۋە سۇبۇتايلارنىڭ قوماندىسىدا بەش يىل ئۇرۇش

قىلىپ، ئىراننى ئالغاندىن كېيىن، قافقاس تاغلىرىنى ئېشىپ، جەنۇبىي رۇسىيەگە كىردى. رۇسلار بىلەن قىپچاقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى بىلەن قايتىپ، ۋولگا بۇلغارلىرىنى بويسۇندۇردى. ئۇندىن كېيىن سىر دەريا ئۇستىدە چىڭگىزخان بىلەن قوشۇلدى. چىڭگىزخاننىڭ كىچىك ئوغلى تولى قوماندىسىدىكى قوشۇن خۇراسان، مەرۋە، نىشاپۇر، تۇس... لارنى ئالغاندى. 1221 ـ يىلى ئافغانىستانغا كىرىپ غەزنە ۋە ھىرات شەھەرلىرىنى تالان ـ تاراج قىلدى. مىلادى 1225 ـ يىلى موغۇلىستانغا قايتتى. ئىسيان قىلغان تاڭغۇتلارنى باستۇردى. مىلادى 1227 ـ يىلى ۋاپات بولدى. مانا بۇ دەۋردە ئانا يۇرتىمىز موڭغۇل ئىمپېراتولۇقىنىڭ تەركىبىدە بولۇپ، ”غەربىي ديار“، ”شىنجياڭ“ ئەمەسدى.

12 ـ چاغاتاي خانلىقى چىڭگىزخان ۋاپاتىدىن بۇرۇن ئىمپېراتولۇقنى غەربتىن شەرققە قاراپ، تۆت ئوغلىنىڭ يېشى بويىچە چوڭلىرىغا يىراق يەرلەرنى، كىچىكىگە يېقىن يەرلەرنى بۆلۈپ بەرگەنىدى. بۇ تەقسىماتتا چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ماۋەرائۇننەھر ۋە شەرقىي تۈركىستان رايونلىرى تەككەنىدى. مىلادى 1227 ـ يىلدىن 1369 ـ يىلغىچە جەمئى 142 يىل دۋام قىلغان خانلىقنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن شەرقىي تۈركىستان بىلەن غەربىي تۈركىستاندا بولدى. ئاخىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوغلى ئىلياس خوجا خان دەۋردە

ئەمىر تۆمۈر چاغاتاي خانلىقىغا خاتىمە بەردى. بۇ دەۋردە ئانا يۇرتىمىزنىڭ ئىسمى ”چاغاتاي خانلىقى“ ۋە ”ئۇيغۇرىستان“ ئىدى. ”غەربىي دىيار“، ”شىنجياڭ“ ئەمەسىدى.
13 ـ تۆمۈر ئىمپېراتورلۇقى بارلاس قەبىلىسىدىن بولغان تۆمۈر ماۋەرائۇننەھىردە مىلادى 1370 ـ يىلى چاغاتاي خانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، تۆمۈرىيلەرخانلىقىنى قۇردى. 1370 ـ يىلىدىن 1379 ـ يىلىغىچە خارەزىم 1389 ـ يىلى ئۇيغۇرىستان(تۇرپان، قاراشەھەر)نى، 1401 ـ يىلى ئىراق ۋە جەنۇبىي ئانا دولۇنى، 1391 ـ 1398 ـ يىللارغىچە ئالتۇن ئوردۇ خانلىقنى، 1398 ـ 1399 ـ يىللىرى ھىندىستان دېھلى سۇلتانلىقىنى، 1401 ـ 1402 ـ يىللىرى سۈرىيەنى، 1402 ـ يىلى ئەنقەرە ئۇرۇشىدىن كېيىن ئوسمانلى دۆلىتىنى ئەمىر ئاستىغا ئالدى. چىنغا يۈرۈش قىلغان تۆمۈرلەڭ يولدا ئاغرىپ، 1405 ـ يىلى ۋاپات قىلدى. تۆمۈرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۆمۈرىيلەر دۆلىتى ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى تەخت ماجىرالىرى تۈپەيلى بۆلۈندى. يالغۇز ھۈسەيىن بايقارا خوراساندا خانلىقنى 1506 ـ يىلىغىچە داۋاملاشتۇرالىدى. ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوغلى بەدىئوززامان دەۋرىگە كەلگەندە ئۆزبېك مۇھەممەد شەيبانى خان 1507 ـ يىلى ھېراتنى زەبت قىلىپ، خۇراسان خانلىقىغا خاتىمە بەردى. زۇھۇرۇددىن بابۇر مەملىكىتىدە مۇۋەپپىقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، 1514 ـ يىلى ھىندىستانغا چىقىپ تۈرك ـ ھىند

ئىمپېراتولۇقنى قۇردى. بۇ دەۋردە ئانا يۇرتىمىز تۆمۈرىيلەر دۆلىتى ئىچىدە ئىدى. "غەربىي دىيار"، "شىنجياڭ" ئەمەسىدى.

14 ـ سەئىدىيە (ياركەند) خانلىقى تۆمۈرىيلەر چاغاتاي خانلىقىنى يىقىتقان 1389 ـ يىلىدىن 1506 ـ يىلىغىچە يەنى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجا خاندىن باشلاپ، سۇلتان مەھمۇد خانغىچە 9 نەپەر خان چاغاتاي خانلىقىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستان ھەمدە غەربىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم يەرلىرىدە 117 يىل سەلتەنەت سۈرگەنىدى. مىلادى 1514 ـ يىلى سەئىد خان ياركەندە سەئىدىيە خانلىقىنى رەسمى قۇردى. سەئىدىيە خانلىقى ئەڭ كۈچەيگەن دەۋرلەردە شىمال ـ غەربىي شىمالدا ئىرتىش دەرياسى، غۇلجا، يەتتەسۇ رايونى، شەرقتە قۇچۇ — تۇرپان، بەشبالىق، جەنوبدا چەرچەن، خوتەن، لاداخ، كەشمىر، بىلۇرستان، بالتىستان، غەرب، غەربىي جەنوبدا كاشغەر، پەرغانە، ۋاخان، بەدەخشانلارغىچە بولغان كەڭ رايونلار سەئىدىيە خانلىقىغا قارايتتى. بۇ خانلىق مىلادى 1506 ـ يىلىدىن 1688 ـ يىلىغىچە جەمى 182 يىل ياشىدى. خائىن ئاپپاق خوجىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن جۇڭغار موڭغۇل خانلىقى سەئىدىيە خانلىقىنى يىقىتتى. بۇ دەۋردە ئانا يۇرتىمىزنىڭ نامى سەئىدىيە (ياركەند) خانلىقى ئىدى. "غەربىي دىيار"، "شىنجياڭ" ئەمەسىدى.

15 ـ خوجىلار خانلىقى — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە جۇڭغار موڭغۇللىرى كۆچىيىپ، باشلىقى غالدان قوڭتەيجى جۇڭغار خانلىقىنى قۇرغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ھاكىمىيەت سودىسىغا مۇبتىلا بولغان مۇھاجىر خوجىلاردىن ھىدايەتۇللاھ مىلادى 1676 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئىسمائىل خانغا قارشى قوزغىلاڭ قىلىپ مۇرىدلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن پايتەخت ياركەندنى ئالدى. ئىسمائىل خاننى ئەسىر قىلىپ ئۆزى خان بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي سەئىدىيە خاندانىدىن مۇھەممەد ئىمىن خان ھىدايەتۇللاھ خوجىنى مەغلۇپ قىلىپ، ياركەندنى قايتۇرۇپ ئالدى. ئىلىغا قاچقان ھىدايەتۇللاھ، غالداندىن پاناھ تىلەپ ھەربىي ياردەم سورىدى. خېلىدىن بىرى ئالتە شەھەرنى ئېلىش ئارزۇسىدا يۈرگەن غالدان 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن 1679 ـ يىلى ھىدايەتۇللاھنى ئالدىغا سېلىپ، ئالتە شەھەرگە يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن خان ئاقسۇنى قاتتىق مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، ھىدايەتۇللاھنىڭ تەشۋىقى بىلەن كاشغەر، ياركەندىكى مۇرىدلىرى ئىسيان چىقارغاچقا، خان ياركەندگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى، غالدان ئاقسۇ، كاشغەرلەرنى قارشىلىقسىزلا ئالدى. ياركەندنى قورشىدى. مۇھەممەد ئىمىن خان قاتتىق مۇداپىئە تەرتىباتى ئالغاچقا، غالدان ئامالسىز قالغانىدى. موشۇنداق جىددى پەيتتە يەنىلا ھىدايەتۇللاھنىڭ خائىنانە

ھەرىكەتلىرى ۋە تەشۋىقى بىلەن شەھەر ئىچىدىكى مۇرىدلىرى ئىسيان قىلىپ، مۇڭغۇللارغا دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. مۇھەممەد ئىمىن خان شەھىد بولدى، شەھەر خەلقى قەتلىئام قىلىندى. 170 يىللىق ئىسلام خانلىقى يىقىلدى، جۇڭغار قورچىقى خائىن ھىدايەتۇللاھ 1688 ـ يىلى موڭغۇللار ياردىمى بىلەن قايتا «خان» بولدى ۋە موڭغۇللاردا شەرەپ ئۇنۋانى بولغان «ئاباق» ئۇنۋانى بېرىلدى، شوندىن باشلاپ بۇ مىللەت خائىنىنىڭ نامى «ئاپپاق خوجا» ئاتالدى. شاھ مەشرەپ ئاپپاق خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ جۇڭغار خانلىقىدا تۇرۇشلۇق مۇختار ئەلچىسى ئىدى. 1668 ـ يىلى ئاپپاق خوجا بىلەن باشلانغان خوجىلار دەۋردە جەمئى 13 نەپەر خان (خوجا) 1863 ـ يىلىغىچە 195 يىل ئالتە شەھەردە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتى، مانا بۇ دەۋردە ئانا يۇرتىمىزنىڭ نامى ”خوجىلار خانلىقى“ ئىدى. ”غەربىي دىيار“، ”شىنجياڭ“ ئەمەسدى.

16 ـ يەتتە شەھەر خانلىقى (ياقۇببەك دۆلىتى) پەرغانىلىك ئۆزبېكلەردىن ياقۇببەك بۇزرۇكخان تۆرە خىزمىتىدە كاشغەرگە كەلگەنىدى. 1863 ـ يىلى كاشغەرنى 1864 ـ يىلى ياركەندنى ئالغاندىن كېيىن بۇزرۇكخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان ياقۇببەك كاشغەر خانى بولدى. 1865 ـ يىلى خوتەننى ئېلىپ، 1866 ـ يىلى ئاقسۇ، كۇچالارنى ئالدى. كېيىن كورلىنى ئېلىپ تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناس، ئىلىلەرنى ئالدى.

1869 ـ يىلى سىرىققۇلنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ شىمالدا چۆچەك، ئالتاي، شەرقتە قۇمۇل، باركۆلدىن باشقا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ياقۇپبەك ھاكىمىيتى ئاستىغا كىردى. 1870 ـ يىلى ياقۇپبەك سۇلتان ئابدۇلئەزىز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ، ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇللارنى قۇيدۇردى. ئوسمانلى تابىئى بولغانلىقنى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە يەتتە شەھەر خانلىقنى ئېتىراپ قىلدى. ئىستېلاچى چىن قوشۇنلىرىغا قارشى شىمال يۇرۇشكە چىققان ياقۇپبەك مۇۋەپپىقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ كورلىغا كەلگەندە زەھەرلىنىپ، 1876 ـ يىلى 57 يېشىدا ۋاپات قىلدى. چوڭ ئوغلى بەكقۇلىبەك ئاقسۇ، كاشغەر، ياركەند، خوتەنلەردە ھاكىمىيەتنى قولدىن بەرمەي 1878 ــ يىلى ئاپرېلغىچە خانلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى پەرغانىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن 15 يىل ياشىغان يەتتە شەھەر خانلىقى مۇنقەرىز بولدى. بۇ دەۋردە ئانا يۇرتىمىزنىڭ نامى يەتتە شەھەر خانلىقى ئىدى. "غەربىي دىيار"، "شىنجياڭ" ئەمەسدى.

بۇ تارىختىن كېيىن چىنلىقلار يېڭى يەر مەنىسىدىكى "شىنجياڭ" دېگەن مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان نامنى قويدى. ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئانا يۇرتىنىڭ مۇقەددەس نامى شەرقىي تۈركىستاننى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بولغان ھەممە ئىنقىلابلاردا شەرقىي تۈركىستان سۆزى ھەرىكىتىمىزنىڭ پروگراممىسى ۋە

يادروسى بولۇپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ نام ئۈچۈن، ئىستىقلال ئۈچۈن مۇجادىلىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

II

ماقالىنىڭ 2 ـ بۆلۈمىدە "شەرقىي تۈركىستان"، "چىنى تۈركىستان" ۋە يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت ئاتالغۇلىرى ئۈستىدە توختالغان ئاپتور بۇ مەسىلىلەردە پۈتۈنلەي ئىستېلاچىلار ۋە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈپ "شىنجاڭنىڭ..... ھازىرقى زامان تارىخىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مەلۇمكى، يېقىنقى بىر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بەزى ئەللەرنىڭ (رۇسىيەنى دېمەكچى) ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئورۇنلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىي تەقەززاسى بويىچە شىنجاڭنى گايىدا "شەرقىي تۈركىستان" دەپ ئاتىسا گايىدا "شىنجاڭ" دەپ ئاتاشنى ئادەت قىلىپ كەلدى. يەنى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى نورما ھالەتتە "شىنجاڭ" دېيىلسە، غەيرى نورمال ھالەتتە دەرھال "شەرقىي تۈركىستان" دېگەن ئىبارە جاراڭلاشقا باشلايدۇ... ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا "شەرقىي تۈركىستان" دېگەن ئىبارە يەر نامى بولۇشتىن كۆرە، سىياسىي ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانداق

بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بارومېتىر ستىرېلكىسىغا ئايلاندى. بۇ ئەمەلىيەتتە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزۈشنىڭ يەنە بىر شەكلى ئىدى.... دەيدۇ.

مەلۇمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يۈكسەك تاغ ۋە يايلاقلىرىدىن تەشكىل بولغان شەرقىي قىسمى "يۈكسەك ئوتتۇرا ئاسىيا" دېيىلىدۇ. تۈزلەڭلىكلەردىن تەشكىل تاپقان غەربىي قىسمى بۇ كەڭ رايوننىڭ ئويمان قىسمىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئاسىيانىڭ بۇ قىسمىدا تۈركىي خەلقلەر ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تۇپراقلىرىغا كەڭ مەنىدە "تۈركىستان" دېيىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پامىر بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدىكى تاغلىق جايلارنىڭ شەرقىي قىسمى شەرقىي تۈركىستان، غەربىي قىسمى غەربىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى چەتئەللىك ئاپتورلار بۇ يەرلەرنىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا چىن تۈركىستانى، غەربىي تۈركىستانغا رۇس تۈركىستانى دەپ كەلگەنىدى. رۇسىيە پارچىلانغاندىن كېيىن غەربىي تۈركىستانغا بېرىلگەن ئىستېلاچىلىق پۇرىقى قويۇق رۇس تۈركىستانى دېگەن ئاتالما ئىسمىدىن قالدى. چىنىي تۈركىستان ئاتالمىسىنىڭمۇ ئۆمرى ئۇزۇن داۋام قىلمىسا كېرەك. مۇستەملىكىچىلەر "تۈركىستان" ۋە "شەرقىي تۈركىستان" دېگەن تارىخىي نامىمىزنى تارىخ سەھنىسىدىن قانداق سۈپۈرۈپ تاشلىغان بولسا، يىقىن

كېلىچەكتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى «چىنى تۈركىستان»، «شىنجياڭ» دېگەن بۇ ئاتالغۇلارنى تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىغۇسىدۇر.

كەڭ بىر جۇغراپىي بىرلىك بولغان “ئوتتۇرا ئاسىيا“ تەبىرى جايىدا قوللىنىلغان بىر جۇغراپىي ئاتالغۇ بولغىنىدەك، ئاساسىي ئۇنسۇرىنى تەشكىل ئەتكەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن تۈركىستان تەبىرىنى قوللىنىش ئىنتايىن توغرىدۇر ۋە تەبىئىدۇر.

ماقالىنىڭ ئاپتورى ئۇلاپلا ئىنتايىن ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىز تەلەپپۇزدا “پانتۈركىست ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرالار ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تايىنىپ، جۇڭگو زېمىنىدىن ئايرىلماسلىق شەرتى ئاستىدا شىنجاڭدا ئاتالمىش “يۈكسەك مىللىي مۇختارىياتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە مۇستەقىللىق ئۇقۇمىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىنجاڭنى “چىنى تۈركىستان“ دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلدى...“ دەپ يازىدۇ.

دۇنيادىكى مۆتىبەر ئىلمىي ئانسىكلوپېدىيىلەردە “پانتۈركىزم“ ئاتالمىسىغا بېرىلگەن تەبىر “تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى بارلىق تۈركىي خەلقنى سىياسىي جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈپ بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇش مەسىلىكى پانتۈركىزم، بۇ مەسىلىكنىڭ تەرەپدارلىرى پانتۈركىست دېيىلىدۇ“ دەپ يېزىلغان.

مەرھۇم ئىسا ئەپەندىم، مەرھۇم مۇھەممەد ئىمىن ھەزرىتىم قاچان، قەيەردە پۈتۈن دۈنيا تۈركلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر تۈرك دۆلىتىنى قۇرىمىز دەپ مەيدانغا چىقىپتىكەن؟ نۇتۇقلىرىدا، ئەسەرلىرىدە، دەئۋالىرىدا شۇنداق دەپتىكەنمۇ؟ ئىرقىمىز تۈرك، تىلىمىز تۈركچە، ۋەتىنىمىز تۈركىستان... دېگىنى ئۈچۈن، شۇنداق قاراشتا بولغىنى ئۈچۈن بۇ زاتلار پانتۈركىستمىدى؟ ئاپتور قايسى مەيداندا، كىمنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ بۇنداق دەيدۇ؟ ئاپتور پانتۈركىست ئىسا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرالار...دەيدۇ؟ ھەزرىتىمنىڭ سويادى بولغان بۇغرانىڭ ئارقىسىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى... لار قوشۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈر ئەپەندىم يوقمىدى. ئەپەندىم قاچاندىن بېرى بۇ ”لار“نىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتكەن. ئەگەر مىللىتىم تۈرك، تىلىم تۈركچە، ۋەتىنىم تۈركىستان دېگەن ئادەم پانتۈركىست بولىدىغان بولسا بىلگە قاغان، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسەۋى، ئەلى شىر ناۋايى.... قاتارلىق نۇرغۇن داھى، ئالىم ... لار پانتۈركىست بولغان بۇلىدۇ. ئىرقىمىز تۈرك، تىلىمىز تۈركچە، دەپ كىتاب يېزىۋاتقان، شۇنداق دەپ دەرس بېرىۋاتقان تۈركىيەدىكى ۋە سىرتتىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسى پانتۈركىست بولغان بولىدۇ. بۇنداق قاراش تۈرك خەلقلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان پانئىسلاۋىستلارنىڭ، چىن شوۋىنىستلىرىنىڭ قارىشىدۇر. تۈركچى دېگەن ئاتالما ئۇلارچە سەلبى بىر ئاتالما بولسا،

بىرىنچىدىن ئۇ بىر ئىجابىي ئاتالغۇدۇر. «نە مۇتلۇ تۈركۈم دېيەنە!» دېگەن ئاتا تۈركنىڭ بۇ مەشھۇر يالداما سۆزى بىزنىڭ قەلبىمىزگە مەڭگۈ نەقىش قىلىنغان. دۇنياغا تۈرك بولۇپ كەلدۇق، تۈرك پېتىچە كېتىشىمىز كېرەك. بۇ ئېتىقاد بىزنىڭ مىللىي ۋىجدانىمىزدۇر. بۇنى ھېچ قانداق مەنپەئەتكە ساتقىلى بولمايدۇ.

ئەمدى يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت مەسىلىسىگە كەلسەك، 1948 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىيسا ئەپەندىم، مۇھەممەد ئىمىن ھەزرىتىم مېنى نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى. يىغىن ئاچتۇق، پارتىيە قۇرۇش ۋە يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە شۇ دەۋردىكى خەلقئارا، چىن، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيەتلىرى مۇھاكىمە قىلىندى. نەتىجىدە پارتىيە قۇرۇش ۋاقتىنچە تۇختىتىپ قويۇلدى. يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت لايىھىسى، نىزامنامىسى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈش قارار قىلىندى. بۇنى تۈزۈشكە ئىبراھىم مۇتىئى، پولات قادىرى، ئۆتكۈر، ھاجى ياقۇپتىن ئىبارەت 4 كىشى بەلگىلەندى. مېنى نەنجىڭدىن كەلگەن مېھمان دەپ گۇرۇپپا باشلىقى تەيىنلەشتى، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەر، ماتېرىياللار ئۆگىنىلدى، ئاخىرى يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت لايىھىسى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىي نىزامى ۋە باشقا ھۆججەتلەر تۈزۈلدى. مەزمۇنى ئۆتكۈر ئەپەندىم ماقالىسىدا كۆرسەتكەندەك ”چىنى تۈركىستان، يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت

ھۆكۈمىتى“نىڭ پروگراممىسى بويىچە شىنجاڭنىڭ چەتئەللەر بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىك ئالاقىسى، چېگرا مۇداپىئەسى مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولغاندىن تاشقىرى، سودا، قاتناش، يېزا ئېگىلىكى، مەمۇرىيەت، سىياسى قانۇن، مەدەنىي مائارىپ، ئاخبارات ۋە مەتبۇئات قاتارلىق ئىچكى ئىشلار ھوقۇقى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولۇشى، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز شىنجاڭغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچمەن كەلتۈرۈلمەسلىكى، شىنجاڭغا تۆمۈر يول سېلىنماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەپەندىم بىر ـ ئىككى نۇقتىنى ئۇنتۇغان بولۇشى كېرەك. ئۇ بولىسمۇ شەرقىي تۈركىستان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە قېرىنداش دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتتە تۈركىي (يەرلىك) خەلقلەرمۇ قاتنىششى، ئىچكى قوغداش كۈچلىرى بىلەن ساقچىلار يەرلىك خەلقتىن بولۇشى لازىم دېگەن ماددىلارمۇ باردى. لېكىن بۇ ھۆججەتلەر تېخى قاراردىن ئۆتمىگەن. ئېلانمۇ قىلىنمىغانىدى. ئەپەندىم ماقالىسىدا: ”ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قارشى تۇردى، قوشۇلمىدى“ دەپتۇ. تېخى قاراردىن ئۆتمىگەن، ئېلان قىلىنمىغان، چىنى تۈركىستان يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت پروگراممىسىغا قانداق قارشى تۇرىدۇ؟ بۇنىسى يالغان. 1948 ـ يىلى نەنجىڭدا ئېچىلغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا

شىنجاڭنىڭ نامىنى چىنى تۈركىستانغا ئۆزگەرتىش، شىنجاڭغا تۆمۈر يول سالماسلىق، ئالتايدىن خوتەنگە قارىتىپ تۆمۈر يول سېلىش، خەلق كۈچۈرمەسلىكتىن ئىبارەت... لايىھىلىرىمىز قاراردىن ئۆتكەندى. بۈگۈنكى چىن قۇرۇلتايلىرىدا بۇ مەسىلىنى قاراردىن ئۆتكۈزۈش ئەمەس، ئېغىزغا ئېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەپەندىم يەنە، بۇ تەشەببۇس شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە خىلاپ، تارىخنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا زىت بولغاچقا ئۇلار تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرلۈپ تاشلاندى، دەيدۇ. ئىستىقلالدىن تۆۋەن مۇختارىيەتتىن يۈكسەك بولغان يۈكسەك مىللىي مۇختارىيەت شۇ تارىخىي باسقۇچتا شەرقىي تۈركىستان شارائىتىغا ئۇيغۇن ئىدى. بۇ ئىسا ئەپەندىمنىڭ قارىشى، مۇھەممەد ئىمىن ھەزرىتىمنىڭ قارشى، مەسئۇت ئەپەندىمنىڭ قارشى، شۇنىڭدەك ئۆتكۈر ئەپەندىمنى ئىچىگە ئالغان شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىرىنىڭ قارىشى ئىدى. بۇ ھۆججەتلەرنى پۇلات، مۇتىئى، سىز ۋە مەن تۆتىمىز تۈزگەن ئەمەسمىدۇق، تۆتىمىز تەڭ قەلەم تەۋرەتكەن ئەمەسمىدۇق، تالاشقان، تارتىشقان، ئەمەسمىدۇق، ھەتتا مۇتىئى بىلەن ئىككىڭلار مۇنازىرىدە قىزىرىشىپ قالغان ئەمەسمىدىڭلار؟! ئەجەبا ماقالىدا ئەپەندىم ئۆزىنى پۈتۈنلەي چەتكە ئېلىپ، ئۈچىنچى شەخس مەيدانىدا تۇرۇپ يېزىپتۇ. ھەيرانمەن. بۇنىڭ تېگىدە نېمە سىر

باردۇر؟ ئاللاھ بىلەر، ئاپتور بىلەر، پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى فۇۋېن ئەپەندى بىلەر!

## III

ئاپتور ماقالىسىنىڭ 3 ـ بۆلۈمىدە:”.... مەيلى شەرقىي تۈركىستان بولسۇن، چىنى تۈركىستان بولسۇن ۋە ياكى ”ستان“ بايرىقى ئاستىدا شىنجاڭنى ۋەتەن زېمىنىدىن ئايرىۋېلىش يولىدىكى ھەر قانداق بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستلەر بولسۇن ھامان ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم. چۈنكى مۇنداق ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن ئورتاق ئارزۇسىغا، جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتقان بىر مىليارت بىر يۈز مىليون ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە زىتتۇر“ دەيدۇ.

بۇ ئابزاستا ئاپتور شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ زۇلۇمغا، مۇستەملىكىچىلىككە، بايلىقلىرىمىزنى تالان ـ تاراج قىلىشلىرىغا، مۇھاجىرەت ئېقىمىغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان قەھرىمانە، پىداكارانە كۈرەشلىرى، ئىنقىلابلىرىنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاپتورنىڭ ھۆكمى بويىچە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ

تەسلىم بولماقتىن باشقا يول يوق ئىكەن. ”ھۆببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان“ نى ئاپتورىمىز ئۇنتۇپ قالدىمىكىن؟ بىز ئىنقىلاب قىلساق، ئىنسانىي ھەقلىرىمىزنى تەلەپ قىلساق، چىندىكى بىر مىليارتتىن ئارتۇق ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە زىت كېلەمدىكەن؟ بۇ سەئىدىيە خانلىقى دەۋردىكى ھىدايەتۇللاھ ئاپپاق خوجىنىڭ، يەتتە شەھەر خانلىقى دەۋردىكى نىياز ھېكىم بەگنىڭ، بۇرھان شەھىدىنىڭ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ، مۇھەممەد ئىمىن يۈسۈپ...لەرنىڭ پەلسەپىسى ۋە سەپسەتىسىدۇر. ئەپەندىم مۇنداق دېمەسلىكى كېرەكىدى. بارىن ئىنقىلابىنى، بارىن ئىنقىلابچىلىرىنى كۇفۇرلەش ئەمەس، تەقدىرلەش، شەھىدلىرىمىز ھەققىگە دۇئا قىلىش لازىمىدى. ئىنشا ئاللاھ بارىن شەھىدلىرى ئۈچۈن مىللىي «ئابىدە»لەر تىكلەيدىغان زامانلارمۇ كېلەر. جانابى ھەق بۇ شەھىدلىرىمىزنى جەننەتتە قىلسۇن! دۇنيادا ھەممە شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. چىنغا قارىغاندا چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان كۈچلۈك رۇسىيە نېمە بولدى؟ رۇسىيەنى كىم پارچىلىنىدۇ دېيەلەيتتى. ھازىرقى چىن كۆرۈنۈشتە قوددرەتلىك بىر دۆلەت بولۇپ كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى جەھەتتىن، سىياسى، ئىقتىسادى، مىللىي.... ۋە باشقا جەھەتلەردىن چۆكۈپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق چىنمۇ پارچىلىنىش گىردابىغا كېلىپ قالغان بىر مەملىكەتتۇر. چىندىن ئايرىلىش ھەرىكىتى

تېبەتتە، شەرقىي تۈركىستاندىلا ئەمەس، موڭغۇل ۋە مانجۇرىيە ھەتتا چىنىنىڭ كانتون، شاڭخەي كەبى ئايماقلىرىدىمۇ ئايرىلىش پىكرى ۋە ھەرىكەتلىرى كۈچلۈك داۋام قىلماقتا. بۇنىڭ ئۈستىگە تەيۋەن مەسىلىسىمۇ بار. ھەتتا بەزى خەلقئارا مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ پىكرىگە قارىغاندا شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مۇجادىلىنىڭ سەۋىيەسى تىبەتتىن كۈچلۈك ئىكەن. دېمەككى بەزى ئېقىم مەسىلىلىرى ئۇزمانلىرى تىبەتتىن شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالىنى بۇرۇنراق قازىنىشى مۇمكىن دېگەن قاراشتىدۇر.

بۇنداق شارائىتتا خارىجدىكى ۋەتەنداشلار تېخىمۇ ئىتتىپاق بولۇپ، يېڭى شارائىتقا ئۇيغۇن ئۇسۇل ۋە قەدەملەر بىلەن ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقى ۋە ئىستىقلالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. ئالدى بىلەن خاتا كۆز قاراشلارنى تۈزىتىپ، كۈرىشىمىزنىڭ ساغلام مەنىۋى ئاساسىنى تىكلىشىمىز كېرەك.

ئاخىردا ئۆتكۈر ئەپەندىمىنىڭ 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىردا سابىت داموللام باشچىلىقىدا كاشغەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھەققىدىكى پىكىر ـ قاراشلىرى ئۈستىدە ئازغىنە توختىلىپ ئۆتىمەن. ماقالىنىڭ ئاپتورى يەنىلا رۇس ۋە چىن مەيدانىدا تۇرۇپ بۇ مىللىي ھاكىمىيىتىمىزنى «ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دەپ تىلغا ئېلىپ، بۇ

جۇمھۇرىيەتنىڭ ماھىيىتى تېخىمۇ قەبىھتۇر. ئۇنىڭ تەركىبى چوڭ پومېشچىك، باي - سودىگەر، يۇقىرى قاتلام دىنىي كىشىلەر، بىر قىسىم چەتئەل قاچاقلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئەكسىيەتچى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى بىلەن سودا كاپىتالىزمنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى... تاشقى سىياسەتتە ئافغانىستان ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئەنگىلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرماقچى بولغان. شۇڭا بۇ جۇمھۇرىيەتمۇ يۈز كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرلۈپ تاشلاندى .... دەيدۇ.
خوش، ئەپەندىم شۇ ماقالىنى يازغان، ئوقۇغان، نەشىر قىلغان كۈنلىرىدە ھەقىقى مىللەتچى كۆز قارىشىدا بولغان بولسا بۇنداق سەپسەتىنى يازمىغان، ئوقۇمىغان، باستۇرمىغان بولاتتى. جانابى فۇۋېن ئەپەندى بېسىم ئىشلەتكەن بولسا يازمىسا نېمە قىلالايتتى. ناھايتى ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەشارلىقى، تەتقىقاتچى... دېگەن ئۇنۋانلىرىدىن ئايرىلاتتى ـ يۇ، باشقا ھېچنەرسە بولمايتتى. تۇرغۇن ئالماس ۋە باشقىلار ياشاپ كەلدۇقۇ؟
1933 ـ يىلى كاشغەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» مېنىڭچە ھەقىقى، مىللىي، ئىسلامى، ئەسىرى بىر جۇمھۇرىيەت ئىدى. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى باقانلار (مىنىستىرلار) بىر رۇس يانلىسى (تەرەپتارى)ئابدۇلكەرىمخان مەخسۇمنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرى مىللەتچى، ئىنقىلابچى، تۈركچى

مۇسۇلمان زاتلار ئىدى. بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ تاشقى ئىشلار باقانلىقىدا تۈركىيلىك ئەھمەد نەدىم ئاتلىق بىر زات بارىدى. ئۇلار رۇسىيەدىن ئەۋەتىلگەن مەنسۇر ئەپەندى، ئابدۇللاھ ئەپەندى، قاسىم ئەپەندى، ئىسھاق بەگ، مەۋلانوپ، مىرغىياس، ساختا ھاجىلاردىن سىيت ھاجى، قادىر ھاجى، ھاشىم ھاجى، نۇرھاجى.... كەبى رۇس ئاجانلىرى(جاسۇسلىرى) ئەمەسىدى. چىنغا ۋە رۇسىيگە قارشى بىر ھاكىمىيەت ئۆزىنىڭ جەنوبىدىكى قوشنىسى ئافغانىستان ۋە ئەنگىلىيەدىن ياردەم ئالماي نەدىن ياردەم ئالاتتى؟ ئالتۇنغا ۋە خام مالغا قۇرال ئېلىنسا "بېقىنىدى" بولامدۇ. «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيتى» تەركىبىدىكىلەر ۋە ئۇنىدىن باشقا جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىدارىلىرىدە خىزمەت قىلغان مۇھەممەد ئىمىن قارى ھاجى سوفىزادە "ئىستىقلال جەمئىيتى" (پارتىيسى)نىڭ سېكرىتارى ئىدى، مەشھۇر ئالىم، پېداگوگ ۋە مۇپەسسىر ئەھمەد فەرىد ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەشارلىرىدىن ئىدى. غۇلامىددىن ئەپەندى (پاختا) نىڭ ئاتىسى ئەھمەد ئاخۇن ئاكا (پاختا) جۇمھۇرىيەتنىڭ مالىيە مەئمۇرلىرى ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى ئاشۇ زاتلار يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى. بۇ جۇمھۇرىيەت ئۇيغۇر تۈركلىرى تارىخىدا تۇنجى قۇرۇلغان مىللىي، ئىسلامى، جۇمھۇري بىر دۆلەت ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، شەھىد ئىنىلىرى شاھ مەنسۇر (ئابدۇللاھ) ئەمىر ساھىب (نۇر

مۇھەممەد) باشچىلىقىدىكى خوتەن ئەمىرلىكى بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئارقا تىرىكى ئىدى. گېئوپولىتىك نۇقتىدىن رۇسلار بۇ جۇمھۇرىيەتنى ئۆزلىرىگە خەۋپلىك سانىغانلىقى ئۈچۈن خوجا نىياز ھاجىنىڭ قولى بىلەن يوقاتتى. تەقدىر ئىلاھى مەرھۇم سابىت داموللا ھاجى (باش باقان) خوجا نىياز ھاجىلار 1942 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە رۇس ۋە چىن جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئىدام قىلىندى(ئۆلتۈرۈلدى). شەرقىي تۈركىستانلىق ھەقىقى مىللەتچىلەر بۇ جۇمھۇرىيەتنى قوللىشى، مەدھىلىشى كېرەك. پەقەت چىن ـ رۇس ئىستېلاچىلىرىلا بۇ جۇمھۇرىيەتنى كۆپۈرلەيدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندىم قېرىغان ۋاقتىدا (67 يېشىدا) بۇ مەسىلىدە زور بىر خاتالىق ئۆتكۈزدى. بۇنى تەنقىتلىمەي بولمايدۇ.

شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قىلىۋاتقان جەمئىيەتلەر، دەرگىلەر بۇنداق زىيانلىق سەپسەتىلەرگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى ۋەتەن، مىللەت ئالدىدا بىر گۇناھتۇر. دېموكراتىك ھۆر تۈركىيىدە ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۈچۈن مۇنداق ماقالىلەرگە جاۋاپ بېرىش، تەنقىتلەش تېخىمۇ مۇھىم بىر مىللىي بۇرچتۇر. ۋەتەن داۋاسىدا دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىپ مۇئامىلە قىلماق لازىم. كۆزىمىز روشەن، بايرىقىمىز ئېنىق بولۇشى لازىم. تارىخىمىزدا ياخشى ئىش قىلغانلار تەقدىرلەنمىدى، خاتا ئىش قىلغانلار جازالانمىدى. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قىلغان چوڭ خىزمەتلىرى مەيداندا، ھەممە كىشى بىلىدۇ. ئەمما

گىزلى(مەخپى) خاتالىقلىرى تەنقىتلەنمىدى. شۇڭا بۇ ماقالىنى يازدىم.

ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان! ھەممىڭلارغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن.

رەھمەت - تەشەككۈرلەر

# خىتاي مەتبۇئاتىدا بارىن ئىنقىلابى

تەھرىر ئىلاۋىسى:

بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن يەنى 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدا پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان ئىنقىلاب — بارىن ئىنقىلابى يۈز بەردى. بارىن ئىنقىلابى چىن قىزىل ئىمپېرىيالىزمى تەرىپىدىن ئىنتايىن ۋەھشىيلەرچە قانلىق باستۇرۇلۇپ، ئىنقىلابقا ئىشتىراك قىلمىغان بىگۇناھ كىشىلەر ھەتتاكى بۈشۈكتىكى بوۋاقلارمۇ ئاپتومات بىلەن ئېتىلىپ، تىتما ـ تىتما قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، خىتاي مەتبۇئاتى بۇ ئىنقىلابنى يۈزلىگەنن خەۋەر، ماقالە، ئونلىغان كىتابلارنى بېسىپ تارقىتىپ قاتتىق ئەيىبلىدى. خىتاي مەتبۇئاتىدا ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەرنىڭ ھەممىنى بۇ كىتابقا كىرگۈزۈش ھاجەتسىز بولغاچ، نەمۇنە بولسۇن ئۈچۈن ئەينى زاماندا ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىنى قوشۇمچە قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

## بۆلگۈنچىلىككەقەتئىي قارشى تۇرۇپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايلى

(گېزىتىمىز تەھرىر بۆلۈمى)

ئىنتايىن ئاز ساندىكى تۇپىلاڭچىلار پىلانلاپ قوزغىغان بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ قوراللىق ساقچى قىسىم، ج خ كادىر ـ ساقچىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ۋە زىچ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا تىنچىتىلدى. بۇ، خەلق دېموكراتىيىسى ھاكىمىيىتىنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغانلىقىنىڭ غەلىبىسى. شەھىرىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ ھەققانىي ھەرىكەتنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ.

بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ مىللىي مەسىلىمۇ، دىنىي مەسىلىمۇ بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتىدۇر. ئۇلارنىڭ جىنايى مەقسىتى، كومپارتىيە ۋە خەلق ھاكىمىيىتىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكىتى چوقۇم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئۆز ـ ئۆزىنى يوقىتىدىغان نومۇسسىز ئاقىۋەتكە قالىدۇ. پاكىتلار

مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۆلگۈنچىلىك كىشلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، تارىخ ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش چوقۇم مەغلۇب بولىدۇ.
بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابى توپىلاڭ سەلبىي جەھەتتىن شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى ئۇزۇن مۇددەتلىك، مۇرەككەپ شۇنداقلا جاپالىق كۆرەشتۇر. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەشكۈچى كۈچلەر سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشتا ھەمىشە بۆلگۈنچىلىك قىلىشتىن باشلاپ قول سالىدۇ. شىنجاڭدا بۆلگۈنچى كۈچلەر باشتىن ئاخىرىغىچە ھەرىكىتىنى توختاتقىنى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھۇشيارلىقىمىزنى يۈكسەك دەرىجىدە ساقلاپ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي پاش قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىپ، بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزۇن مۇددەت ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.
مۇقىملىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ يۈكسەك مەنپەئىتى، مۇقىملىقنى قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىدا ياشاپ كېلىۋاتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، ئۈچەس

تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەر مىللەت خەلقى شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەنزۇلار ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مۇقىملىقنى قوغداشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي ۋەزىپە قاتارىدا ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇشى، «مىللىي»، «دىنىي» قاتارلىق تۈرلۈك شەكىلدىكى بايراقلارنى كۆتۈرۈۋالغان بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تىنچ بولۇشىغا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم.

نۆۋەتتە، شەھىرىمىزدە تىنچ ـ ئىتتىپاق، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇقىم، خەلقنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولسىمۇ، مۇقىمسىزلىق ئامىللىرى يەنىلا ساقلانماقتا. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى سەلبىي دەرسلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىغە بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەرگە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى خۇددى ئۆز كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراشقا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى خۇددى ئۆز ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەشكە، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقنى ئاڭلىق قوغداشقا، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، شەھىرىمىزنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي مۇقىملىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، شەھىرىمىزنى ئىمكان قەدەر بالدۇرراق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1990 يىل 25 ـ ئاپرېل سانىدىن.